

2

# مەسخىرە چاقچاقلىرى

2

www.uyghurkitap.com

# ھىسام چاخچاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئا. ئۆمەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقىتىش تورى

# مۇندەرىجە

ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ........................ 1
زاسۇخانىمەكىن دەپتىمەن ........................ 1
ئەڭ تەس ئىش ........................ 2
ئوتتۇرىنى قانداق تاپىدۇ؟ ........................ 3
قانچىسى ئوغۇل، قانچىسى قىز؟ ........................ 3
ئەڭ تەس ئورما ........................ 3
دەرۋىشكە ئوخشاپتۇ ........................ 4
بىر سوم ئۆرلىتىۋەتىمگىز ........................ 4
بېخىلنى ئوخشىتىش ........................ 5
ئەمدى سىزگە كەلدى ........................ 6
بەربىر يالتىيىۋالىسىز ........................ 6
گۇنا كىمدە؟ ........................ 7
كۆزىنى يۇمۇش ........................ 8
«خادىڭ ئارا» ........................ 9
ئىشەكتىن چۇشىمەم ........................ 10
مېھمانلىرىڭنى كۇتۇۋالغىن ........................ 10
راستىمۇ ........................ 11
يىگىمىڭىزگە شۇكرى قىلىڭغا ........................ 12
دۇنيادا نىمە ئۇچلۇق؟ ........................ 13
ھىلىمۇ ئويغىنىپ قوبۇپتۇ ........................ 13

ھەممىمىز ياۋروپاچە تەربىيىلەيمىز ........................ 14
مەسلىكىنىڭ سىرى ........................ 15
خەۋەر تۇرماق ........................ 15
باشلىقنى ماختاش ........................ 15
پۇل خەجلەش ........................ 16
داتلىشىپ كېتىپمىز ـ دە! ........................ 17
ئەمدى سالقىنداپ قالدى ........................ 17
بېلىق يۆتكەش ........................ 17
ئىگىسىنى دورىغان ـ دە ........................ 18
تەكچۈكلەشسۇن دىدىم ........................ 18
ئۆزەمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم ........................ 19
نەتىجەم يامان ئەمەس ........................ 19
باشقىسىنى دەڭا ........................ 20
جازام يېتىشكىچە ........................ 20
بىر يۇرۇشلا بولۇپ كەتسۇن ........................ 21
توپ ئوينىماقچىدۇق ........................ 22
بىر نومۇر پايدا ئالمامسىز؟ ........................ 22
خەۋەر ئەۋەتىش ........................ 23
گېزىتكە يېزىلىش ........................ 23
تەمنى تېتىپ بېقىش ........................ 24
بەك ئوڭاي ........................ 24
ئوڭلايمەن دەپ... ........................ 24
ئىچمەسلىكىم ئۈچۈن... ........................ 25
خوتۇندىن قورققانىڭ پايدىسى ........................ 25
گۇنا بولىدۇ ........................ 26
قاياققا قارىتىپ قويسا... ........................ 26

سەندە يىغلاڭغۇ بولمىسا …… 27
چېكىپ بولۇپ تاشلىمامدىم …… 27
دۈشمەن …… 28
بانا …… 28
ئىنساۋىڭىزنى تارتىپ بېقىڭ …… 29
ئەگەر بۇ ئىس بولسا …… 30
دانا جاۋاپ …… 30
جۈملە تۈزۈش …… 31
چىش …… 31
ئادەم ئەمەسلىگىڭىزنى ئۇقماپتىمەن …… 32
ئاغىنىلىرىمنى دەپ بېرەيمۇ؟ …… 32
قالغىنىنى تۈزلىۋالاي …… 33
ئەجەپلىنىش …… 33
ۋەھى …… 34
پىيما …… 35
تېلېفۇندا سۆزلىشىش …… 35
ئىتتەك ۋە بۇلبۇلدەك …… 36
يېرىم كۆلكە …… 36
ئورنىغا مەن ئۇقۇيمەن …… 37
مېنى چىشلىمەيدۇ …… 37
دورا …… 38
باشلىقىنىڭ خەرىتىسى ۋە سىزنىڭ خەرىتىڭىز …… 39
مەرغۇللىتىپ ئىچىمىز …… 40
ئانام شۇنداق سىدام تۇغۇپتىكەن …… 40
ئۆز قولى بىلەن …… 41
ئېقىپ كەلمىدىم …… 41

جېدەل ........................ 42
بەشتە ياخشىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ ......... 42
بىكارغا بولسا ..................... 43
يۈرەكنىڭ داپ چېلىشى ..................... 43
ھېسامىدىننىڭ يۈرۈشى ....................... 44
غازنىڭ سۆزى .................... 44
ئەمدىغۇ موزاي بولارسىز ..................... 45
دوكلاتچى ...................... 46
كەمتۈك چىش .................. 46
ھاراق كۆتىرىش ................... 47
مېنىڭ ئېتىم ئىشەك ئەمەس ................ 47
شەھەر سوراش .................. 48
مۇش قورۇپ يىدۇق .................. 48
تالۇننى ئالماشتۇرۇپ كېلىڭ ................. 49
قالغىنىغا كىم قالىدۇ؟ .................. 49
يۈزسىز ...................... 50
ئۇ يەردىمۇ ئۇخلاتمايسەن ..................... 50
كۆڭۈل بۆلۈش .................. 51
شۇنچە ئۇزۇن يەرگە .................. 51
كۆز ۋە قولاق ................... 52
مەنلا كەلتۈردىمەنمۇ؟ ..................... 52
مۇشائىرە ...................... 52
يولدا كېلىۋاتىدۇ .................. 53
يەنە سۆزلەمسىز .................. 54
رەخت ۋە پۇل ................... 54
ئالامەت يەر ئىكەن .................. 55

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلمەيدىغان بولدۇق ........................ 56
«ئۇشتىن سىرتقى ساقال» ........................ 56
ئەتىرى پۇرايدۇ ........................ 57
كۆۋرۈك يوق كېتىپ قالدى ........................ 57
كاۋاك پەردە ........................ 58
ئەپىتىمىزگىمۇ ئېلىپ قويدۇم ........................ 59
ئاپتوۋۇز بىلەن كېتەي ........................ 59
ئۆيگە بارغاندا يىغلاپ بېرەي ........................ 59
جۆندەلگەن گەپ ........................ 60
رەسسام ........................ 61
مەرگەن ........................ 62
تۇتماي تۇرۇپ مۇنچىلا ........................ 62
مۇسابىقىدە ........................ 64
ئىشنى باشلاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن ........................ 64
چىۋىن ........................ 64
يانچۇقچى چىۋىن ........................ 65
سەۋرىنىڭ سىرى ........................ 66
سۆز ۋە چاخچاق ........................ 66
يەنە قايتىپ كېلەمۇ؟ ........................ 67
پېنجەك ........................ 67
ئىككىسى ئىككى گەپ ........................ 68
باشلىقنىڭ ئايالى ........................ 69
پۇتلاشسا ياتمىدۇ ........................ 69
ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ؟ ........................ 70
مەندەك ئاغرىپ يۈرۈپسىز-دە ........................ 70
ھاسىراپلا يۈرىدىغان ........................ 71

ئىككىسى بىرگە ھېساپ ........................ 71
توختامدىمەن ........................ 71
تويلۇق سوغا ........................ 72
شۇندىغىمۇ ـ شۇنداق ........................ 72
سوئال ـ جاۋاپ ........................ 73
ئازراق چىداپلا ........................ 74
ئۆتكۈر تەنبىھ ........................ 74

## ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى

ئىدارىدىكى كادىرلارنىڭ ئانكېتىنى تولدۇرۇۋاتقاندا ئەل-لىككە تاقاپ قالغان بىر ئايال خىزمەتچى ئۆزىنىڭ يېشىنى ئوت-تۇز بەش ياش دەپ مەلۇم قىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇر-غانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

— پاتەمخان، ھېچبولمىغاندا قىرىق ياش دەڭا، — دەپتۇ ئارىدىن بىرى.

— سىز ئارىلاشماي ئولتۇرۇۋېرىڭ، — دەپتۇ ئايالنىڭ يېنىدا تۇرغان ھىسام، — ھازىر ھەر ئادەمنىڭ ئۆز كۆز قارىشىنى قويۇش ئەركىنلىكى بار.

## زاسۇخانىمىكىن دەپتىمەن

ماگىزىنغا سودىلىققا كىرگەن ھىسام ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ماللار تىزىلغان پۇكەينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۇ ئورۇندا ئىككى پىرىكازچىك قىز مەشتىكى ئوتتا ئوت كولىغۇچنى قىزىتىپ چې-چىنى بۇدىر قىلىۋاتقان ئىكەن. ئالدىراۋاتقان ھىسام ئۇلاردىن قايتا-قايتىلاپ گەپ سورىسىمۇ، قىزلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماپتۇ.

بىر ھازادىن كېيىن قولى بوشىغان بىر قىز، تېخىچىلا بېشىدا قاراپ تۇرغان ھىسامدىن سوراپتۇ:

— يولداش، نىمە ئالاتتىڭىز؟

تىرىكىپ تۇرغان ھىسام:

— بىر كاللا بىلەن تۆت پاقالچاق ئالاتتىم، — دەپتۇ.

پىرىكازچىك قىزنىڭ شۇئان چىرايى ئۆزگۈپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ:

— قانداق ئادەمسىز؟ بۇ تۇرلۇك ماللار ماگىزىننى تۇرسا، كاللا ـ پاقالچاق نىمە قىلىدۇ؟

— قىزچاق، كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ھىسام، — سىز بايا ئوت كولىغۇچتا باش ئۆتلەۋاتسىڭىز زاسۇخانىمىكىن دەپتىمەن.

## ئەڭ تەس ئىش

كەچقۇرۇن مەھەللە دوقمۇشىدا ئىككى ھورۇن تام يۆلەپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىچە «دۇنيادا ھەممىدىن تەس ئىش قايسى؟» دىگەن مۇنازىرىگە چۈشۈپتۇ.

— ياندا ما يەردە كېچىسى سۇ تۇتماق تەس، — دەپتۇ بىر ھورۇن.

— ياق، كۈننىڭ ئىسسىغىدا ئورما ئورماق تەس، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھىسام ھورۇنلارنىڭ تالىشىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، يېقىن كېلىپ:

— ھەر ئىككىڭلار تاپالمىدىڭلار، دۇنيادا ھورۇننىڭ ئىش تاپمىغى ئەڭ تەس، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۇتتۇرىنى قانداق تاپىدۇ؟

مەھەللىدە يېڭى كۆيخۇا ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا ھەسامنىڭ ئېنىسى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاكىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاكا، يول ياسىغاندا ئىمىشقا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقىنى ئالىدۇ؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، — دەپتۇ ھەسام، — ئىككى چەتتىكى ئېرىقىنى ئالمىسا، يولنىڭ ئوتتۇرىنى قانداق تاپىدۇ؟

## قانچىسى ئوغۇل، قانچىسى قىز؟

بىرسى ھەسامدىن سوراپتۇ:

— ئىنىڭىزنىڭ قانچە بالىسى بار؟

— ئالتە بالىسى بار، — دەپتۇ ھەسام

— قانچىسى ئوغۇل، قانچىسى قىز، — دەپ سوراپتۇ ھىلىقى كىشى.

— ۋاي تاڭەي، — دەپتۇ ھەسام بېشىنى چايقاپ، — ئەيتاۋۇر ئەتىگەنلىكى قارىسام ھەممىسىلا ئەينەك بىلەن ئاغاقنى تالىشىدىغۇ!

## ئەك تەس ئورما

قايسى ئاشلىقنىڭ ئورمىسىنى ئورماقنىڭ تەسلىكىنى تالىشىپ قالغان بىر نەچچە يىگىت ھەسامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— ھەسامكا، سىز كۆپنى بىلىدىغان ئادەم، ئېيتىڭا! زادى قايسى ئاشلىقنىڭ ئورمىسىنى ئورىماق ئەڭ تەس؟

ھەسام ئويلىنىپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

مېنىڭچە، قولغا تەگمەيدىغان ئاشلىقنىڭ ئورمىسىنى ئورىماق ئەڭ تەس.

## دەرۋىشكە ئوخشاپتۇ

بىر ئاغىنىسى ھەسامنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. غىزا ۋاقتىدا ئۆي ئىگىسىنىڭ غەيرى پوسۇندا چاچ - ساقال ئۆستۇرۇۋالغان ئوغلى كىرىپ قولغا سۇ ئاپتۇ. ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ماختىنىش ئاھاڭىدا سوراپتۇ.

— قانداق ھەسام، ئوغلۇم كىمگە ئوخشاپتۇ؟

— ئوغلىڭىز ياپ - ياش تۇرۇپلا رىۋايەتلەردىكى دەرۋىشلەرگە ئوخشاپ قاپتۇ، — دەپتۇ ھەسام دەررۇ.

## بىر سوم ئۆرلەۋەتسىڭىز...

ھەسامنىڭ مال بېقىشنى بىلمەيدىغان خوشنىسى بىساتىدىكى بىرلا قوينى باقالماي جۇلمەرىتىۋىتىپتۇ - دە، بىر يەكشەنبە كۈنى يېزا بازىرىغا ئەكىرىپ سېتىۋەتمەكچى بولۇپ، ھەسامنى سېتىشىپ بېرىشكە سۈيلەپتۇ. ھەسام ماقۇل بولۇپ قوينىڭ ئىگىسى بىلەن قوينى بىرگە ھەيدىشىپ مال بازىرىغا ئەكىرىپتۇ. مال بازىرىدا بۇ ئورۇق قوينى ھېچكىم سوراپمۇ قويماپتۇ. كەچكە

يېقىن بىر خېرىدار كېلىپ قوينىڭ ئۈيەر - بويېرىنى تۇتۇپ كۆرۈپتۇ - دە:

— ئورۇقلاپ، ئۆپكىسىمۇ قالمىغان جانىۋاركەن، تەۋەككۈل، يېگىرمە سومغا بەرسەڭلا ئالاي، — دەپتۇ.

— بىر سوم ئۆرلىۋەتسىڭىز، — دەپتۇ جىلى بولغان ھىسام.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ خېرىدار تېرىكىپ.

— ئالدىراپ خاپا بولماڭ، — دەپتۇ ھىسام، — بىر سوم ئۆرلىۋەتسىڭىز ئۆپكىسىنىمۇ بېكىتىپ بېرىمىز.

## بېخىلنى ئوخشىتىش

مەھەللىدە تولىمۇ بېخىل بىر كىشى بولۇپ، ھەتتا ھېيت - ئايەم كۈنلىرىمۇ ئۆيىنى قۇلۇپلاپ ئۆي ئىچى بىلەن يوقاپ كېتىدىكەن. ئوغلىنىڭ تويىنى قىلغانىدا يۇرتقا چايمۇ بەرمىگەن ئىكەن، ئەھلى - مەھەللە بۇ بېخىلغا بەكمۇ ئاچچىقلىنىپ يۈرىدىكەن.

بىر قېتىم مەھەللىدىكى بىر تويدا ھىسام بىلەن بېخىلغا بىر تاۋاق توغرا كېلىپ قاپتۇ. ھىسام ئەتەي تاۋاقنى ئالدىغا تارتىپتۇ - دە، پولۇنى كاپاملاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. بىردەمدىلا تاۋاقنى بوشىتىپ قوياي دەپتۇ. ئاچچىغى كەلگەن بېخىل ھىسامنى گەپ بىلەن چاقماقچى بولۇپ:

— سوھبەتتە خىلقەقە گەپ بەرمەيدىكەنسىز، تويدا ھەمتاۋاقا نەپ بەرمەيدىكەنسىز، — دەپتۇ. ھىسامنىڭ بېخىلنىڭ ئىېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ ئالدىرىماي ئاغزى - قولىنى سۈرتۈپ بولۇپ بېخىلنىڭ چاخچىقىغا جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

— ئىشىك ئالدىڭىزدىكى ئېرىقتىن لاي بەرمەيدىكەنسىز.

توي قىلىپ ئەل - يۇرتقا چاي بەرمەيدىكەنمىز.
بېخىلنىڭ رەڭگى بوزىرىپ، تىلى تۇتۇلۇپ يەرگە قاراپتۇ.

## ئەمدى سىزگە كەلدى

ھەسام يېزا ئىدارىسىدە ئالاقىچىلىك قىلىپ يۈرگەن مەزگىلدە ھۆكۈمەت كاتىۋى دائىم باشقىلارنىڭ سىرتىدىن باغاق يېزىپ ھەسامنى تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇيدىكەن. ئىشتىن خەۋىرى يوق ھەسام باغاقلارنى تارقىتىۋېرىپ، ساھىپخانلاردىن ئاھانەت ئاڭلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاتىپنىڭ باشقا ناھىيەدىكى قېينانىسى كۆيوغلىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ. كاتىپنىڭ بورداۋاتقان قويىنى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سويماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالغان ھەسام دەررۇ كاتىپنىڭ نامىدىن باغاق يېزىپ ئۇنى نەچچە كىشىگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. كەچقۇرۇنلۇغى قوي سويۇلۇپ گۆشى كانارىغا ئېسىلىشىغا كاتىپنىڭ ئۆيىنى مېھمان بېسىپتۇ. ئايالى: سەن قويىنى ئاپامنى دەپ ئەمەس، ئاغىنىلىرىڭنى دەپ سويۇپتىكەنسەن دەپ جېدەل قوزغاپتۇ. ئىشنىڭ سەۋدۇنى سەزگەن كاتىپ ھەسامنى تالاغا چاقىرىپ چىقىپتۇ-دە، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ھەي ھەسام، نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ پوپوزا قىپتۇ.

— سەكرىمەڭ، — دەپتۇ ھەسام خاتىرجەم ھالدا، — «بۇقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن مۇزايغىمۇ بار» دەيدۇ، ئەمدى مەشرەپ سىزگە كەلدى.

## بەرىبىر يالتىيىۋالمىسىز

ھەسام سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەۋاتقىنىدا ئۆمەكتىكى بىر سەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتچى قىز دائىم بىردىر يىگىتنى تاپىدىكەنتۇ، بىرەر ئايدىن كېيىنلا: مائاشى ئاز ئىكەن، ئانىسى بار ئىكەن دېگەندەك بانىلار بىلەن يالتىيىپ كېتىدىكەن، ھەسام قىزنىڭ بۇ قىلىقىغا بەكمۇ خاپا بولۇپ يۈرۈپتۇ. كۆڭلەرنىڭ بىردە قارىسا قىز يەنە بىر يىگىت بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ يۈرگىدەك. بىر قېتىم يىگىت قىزنى ئىزلەپ سەنئەت ئۆمەككە كەلگەندە ھەسام ئۇنىڭغا: پالانچىسىز بىلەن يۈرەلمەيدىكەن، مېنى ئېيتىپ قويسىڭىز دېگەنتى، — دەپتۇ، يىگىت رەنجىگەن ھالدا كېتىپ قاپتۇ - دە، ئىككىنچىلەپ قىزنى ئىزلىمەپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىز كوچىدا يىگىتنى كۆرۈپ، نېمىشقا ئىزلىمىگىنىنى سورىغان ئىكەن، يىگىت ھەسامدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قاتتىق ئاچچىقلانغان قىز دەررۇ ئۆمەككە قايتىپ كەپتۇ - دە، ھەسامغا كايىپ:

— ھەسامكا، نىمانداق خەقنىڭ ئىشىغا چات كىرىپ يۈرىسىز؟

— چات كىرگىنىم يوق، سىزگە كۆيۈپ بولۇپ قويدۇم، — دەپتۇ ھەسام جاۋابەن، — ئاڭلىسام بۇ يىگىتنىڭمۇ ئانىسى بار ئىكەن، بەرىبىر يالتىيىۋالىسىز.

## گۇنا كىمدە؟

ھەسام تۇزغان ئىشلەپچىقىرىش دۆيىنىڭ زىغىرى بىر يىلى بۆلەكچىلا ئوخشاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىللاپ بۇ دۆيگە دەسسىمەيدىغان گۈڭشېنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەررۇ مەھەللىگە كېلىپ ئېتىز - ئېرىقلارنى تەكشۈرۈپتۇ - دە، ئىسكىلاتقا كىرىپ زىغىرنى كۆرۈپ ماختاپتۇ:

— ھوسۇللىرى قالتىس بوپتۇ. بۇ يىل زىغىردىن خېلى

پۇل قىلىۋالمىسىلەرغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، — دەپتۇ دۈيجاڭ خۇشاللىق بىلەن.

— بۇ زىغىرنىڭ مېيىدا ئاشمۇ ئوخشايدىغۇ دەيمەن، — دەپتۇ مۇدىر يەنە مەنىلىك قىلىپ، — دۈيجاڭ دەررۇ مۇدىرنىڭ مەقسەدىنى چۈشىنىپتۇ-دە، يەنە:

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ۋە مۇدىر كەتكەندىن كېيىن ھارۋىكەش بالىدىن بىر مىشكاپ زىغىرنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن-قۇلاققا يېتىپ ھەممە ئەزانىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرۈپتۇ. كىشىلەر مەھەللە دوقمۇشىغا توپلىشىۋېلىپ: گۇنا كىمدە، يۈزى قېلىن مۇدىردىمۇ ياكى كۆزۈلچەك دۈيجاڭدىمۇ، دىگەننى تالىشىپ قاپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا باياتىن ئۈنچىقماي تۇرغان ھىسام گەپكە نۆۋەت ئاپتۇ-دە:

— سىلەر ھېچقايسىڭلار گۇناكارنى تاپالمىدىڭلار. گۇنا مۇدىردىمۇ ئەمەس، دۈيجاڭدىمۇ ئەمەس.

— ئەممە گۇنا كىمدە؟ — دىيىشىپتۇ كىشىلەر ھەيران بولۇپ.

— گۇنا مول-ھوسۇلدا، — دەپتۇ ھىسام شۇ چاغدا چۈشەندۈرۈپ، — ئەگەر بۇ يىل زىغىر مۇنچىلا ئوخشىمىغان بولسا، بايىقى مۇدىرمۇ بىزنىڭ دۈيگە زادىلا كەلمىگەن بولاتتى.

## كۆزىنى يۇمۇش

يىراق يېزىدىكى تۇققىنىنى يوقلايمەن دەپ نەچچە قېتىم تەرەددۇت قىلغان ھىسام مەھەللىدىكى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراقلاردىن ئۈزۈلەلمەستىن تۇققىنىنىڭكىگە چىقالماي قاپتۇ، بىر

قېتىم ئايالى قاتناشقا بىر سپ ماشىنا بىلەن ئىلىپ كەپتۇ - دە، ھەسامغا:

— مەھەللىدىكى توي، نەزىرلەرگە تارتىشمىغىنىز زادىلا چىقالمايسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆزىڭىزنى يۇمۇڭدە تۇققانلارنى بىر يوقلاپ كېلىڭ، — دەپ بىلەتنى بېرىپتۇ.

— ماڭا دۈشمەن ئوخشىمامسەن، — دەپتۇ ھەسام جىددى چىراي بىلەن، — كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ماشىنىغا چىقسام يىقىلىپ چۈشۈپ بىر يېرىمنى ناكا قىلىۋالمىدىمەن!

## «خادىك ئارا»

خادىك ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلىدىغان بىر مەھەللە سازەندىسى ئامتى كېلىپ سەنئەت ئۆمەككە كىرىۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا يوغانچى بولۇپ كېتىپتۇ. مەلۇم سورۇندا ھەسام سازەندىنى ئاۋالقىدەكلا يېقىن كۆرۈپ چاخچاق قىلغان ئىكەن. سازەندە ھۆپپىدە قىزىرىپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ:

— ھەي ھەسام، سەن بىز بىلەن تولا ئېيتىشما ماقۇلمۇ، بىز سېنىڭ ئاددى ئادەملىرىڭدىن ئەمەس، بىلەمسەن، خەلقارا سەنئەتچى بىز.

— مۇنداق دېگىنە! — دەپتۇ ھەسام گويا ھەيران قالغاندەك قىياپەتتە، — مەن سېنى شۇ كەمگىچە خادىك ئارا دەپ ئاڭلاپتىكەنمەن، خەلقارا بولۇپ كەتكىنىڭنى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن.

## ئەشەكتىن چۈشسەم...

يازنىڭ بىر كۈنى ھەسام ئېشەك مىنىپ سەرادىن يېنىپ كېلىۋاتقان ئىكەن، قوسىقى ئاچقان ئېشەك ماڭماي تۇرۇۋاپتۇ. بىر چىمەنلىككە كەلگەندە ھەسام ئېشەكنى قويۇۋېتىپ بېقىپتۇ، كېيىن يولغا چۈشەي دەپ ئېشەكنى تۇتماقچى بوپتىكەن، تويغان ئېشەك قېچىپ زادىلا تۇتۇق بەرمەپتۇ، ئاخىر ھەسام ئاچچىقىدا:

— بۇدا تۇتۇۋالسام ئۈستۈڭدىن ئەسلا چۈشمەيمەن، چۈشسەم خوتۇنۇم تالاق، — دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. ئاخىر مىڭ جاپادا ئېشەكنى تۇتۇپتۇ-دە، مىنىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ھويلىغا كىرگەندە ئايالى ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان ئىكەن، ھەسام ئېشەكتىن چۈشمەيلا:

— بول خوتۇن، چېيىڭ قايىنغان بولسا مەشەگىلا ئېلىپ چىق، قوساق ئېچىپ تۇختاپ كەتتى، — دەپتۇ. ئايالى ھەيران بولۇپ:

سارائىمۇ سەن، چاي دىگەننى ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئۆيىگە كىرىپ ئىچمەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— سەن ھېچنىمىنى ئۇقمايسەن، — دەپتۇ ھەسام ئايالىغا. ئەگەر ئېشەكتىن چۈشسەم سېنىڭ ئىشىڭ چاتاق.

## مېھمانلىرىڭنى كۈتۈۋالغىن

ھەسام «قارايىپ» قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭغا پاراڭ قىلمايدىغان، ئۆيىگىمۇ كىرمەيدىغان بوپتۇ. ھېيت كەلگەندە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايالى نەچچە دەستە ساگىزا سېلىپ، جوزىنى راسلاپ قويۇپ-تۇ. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كىرمەپتۇ. بۇنىڭدىن خاپا بولغان ئايالى كارۋاتتا يېتىپ بىردەم يىغلاپتۇ-دە، كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا ھەسام كىيىم ياپقۇچنى يۆلۈۋېلىپ ئايالىنىڭ ئۇس-تىگە يېپىپتۇ، ئۆزى بېلىگە ئۇزۇن ئاق لۆڭگىنى باغلاپتۇ-دە، ھويلىغا چىقىپ:

— ۋاي دوستۇم، ۋاي مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتكەن دوستۇم، — دەپ ئۇنىڭ بىردىن يىغلاشقا باشلاپتۇ، ئەتراپتىكى خوشنىلار: ھەسامنىڭ ئايالى قازايى — قەدەر يېتىپ ۋاپات بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىشىپ بىر بىرلەپ ھەسامنىڭكىگە كىرىشىپتۇ، بىر دەمدىلا ئۆيگە ئادەم لىق توشۇپتۇ. ھەسام دەرھال بېرىپ ئايالى-نىڭ يۈزىدىكى كىيىم ياپقۇچنى ئېلىۋېتىپ:

— تۇر خوتۇن، ئۆيگە مېھمان توشۇپ كەتتى، ساگىزى-لىرىڭنى ئوشتۇپ ئەزىز مېھمانلىرىڭنى كۈتۈۋال، — دەپتۇ.

## راستمۇ؟

بىر قېتىملىق سورۇندا ھەسامدىن چاخچاقتا يېڭىلىپ قالغان بىر كىشى يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي ھەسامغا «چاخچاقتا ئۇستا دەپ قويسا ئۆز-ئۆزەڭنى چۇشۇرگىنىڭ راستمۇ» دەپ چاخچاق قىلغان ئىكەن، ھەسام «راستمۇ» قاپىيىسىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى ئون نەچچە چاخچاقنى كەينى-كەينىدىن كەلتۈرۈپتۇ.

چاخچاقتا يېڭىلىپ قالساڭ، مۇشت ئاتقىنىڭ راستمۇ؟

ھۆپۈپنى يۇگدىماي يەپ، كۆمۈرنى يۇيۇپ قالغىنىڭ راستمۇ؟

ھاراقنى بىكارغا ئىچىپ، چاپىنىڭنى يىپىنچاقلاپ ماڭغىنىڭ راستمۇ؟

ھەرە تۇتىمەن دەپ بىشىڭغا ھەسەل سۈركىگىنىڭ راستمۇ؟

ماتروس بولىمەن دەپ شەپكەڭنىڭ چېكىملىگىنى يۇلۇۋەتكىنىڭ راستمۇ؟

لاباكۇ كىيىۋېلىپ نەشكەشكە ئۇلپەت بولغىنىڭ راستمۇ؟

كېچىچە تانسىغا پىقىراپ، ئەتىسى ۋاي يۈرىكىم دەپ خىزمەتكە بارمىغىنىڭ راستمۇ؟

مەسلىگىدە ساقچىدىن قورقمايمەن دەپ ۋاقىراپ، ساقچى كەلسە ئاپام قارا چايغا ئەۋەتكەنتى دىگىنىڭ راستمۇ؟

ھەر قانداق نوچىنى سىرىيمەن دەپ، سىمتاناپ تۈۋرۈگىگە مۈش ئاتقىنىڭ راستمۇ؟

بۇرۇلكامىنىڭ قىرىنى بۇزمايمەن دەپ ئۆرە تۇرۇپ تاماق يىگىنىڭ راستمۇ؟

ئىككى سەر ئىچىپ تۆت سەر مەس بولغىنىڭ راستمۇ؟

ئۇچاڭغا چىۋىن قونمىسۇن دەپ مەيدەڭگە چىگىسەي قىستۇرۇۋالغىنىڭ راستمۇ؟

ھىلىقى كىشى ئۇنى سۈرەلمەستىن ئۆزىنى شاگخو قىلىپ كۆلۈۋاتقان جامائەتنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

## يەگىنىڭىزگە شۈكرى قىلىڭ

ھىسام دۇنيانىڭ قوغۇنلۇغىنى باققان چاغدا بىر كىشى ھەر

كۈنىلا قوغۇن يىگىلى كېلىۋېلىپ، ئۇنى جېلى قىپتۇ. بىر تېتىم ھېلىقى كىشى يەنە كەپىدە قوغۇن يەۋېتىپ، ھېچنېمە بولمىغان-دەك ئەلپازدا ھەسامىدىن سوراپتۇ:

— ھەسامىدىن، بۇ قوغۇنلۇقنى سىز كۆتىرە ئالغانمۇ؟

تېرىكىپ تۇرغان ھەسام دەرھال جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ياقە، بىزنىڭ بۇ يەدە كۆتىرىپ ماڭىدىغانغا يوق،يەپ ماڭغىنىڭىزغا شۈكرى قىلڭا!

## دۇنيادا نىمە ئۇچلۇق؟

تولىمۇ نەپسانىيەتچى بىر ئادەم ھەسامدىن گەپ سوراپتۇ:

— ھەسامىدىن، بىلەمسىز دۇنيادا نىمە ئەڭ ئۇچلۇق؟

— سىزنىڭ ساقلىڭىز ئۇچلۇق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھە-سام ئويلانمايلا.

— يوق گەپنى قىلماڭ، قاندىغىسىغا مېنىڭ ساقلىم ئۇچ-لۇق بولىدۇ؟ — دەپتۇ چۆچۈپ ئۇ كىشى.

ھەسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ساقلىڭىز ئۇچلۇق بولمىسا، شۇنچىلا قېلىن يۈزىڭىزنى قانداق تېشىپ چىقاتتى.

## ھەلىمۇ ئۇيغىتىپ قويۇپتۇ...

كەچ كىرگەندە توساتتىنلا ھەسامنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە ئاغىنىسى كېلىپ قاپتۇ. ھەسام ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سې-

لىپ، تاماق نەكىرىپتۇ. ھەسام قارىسا ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى گەپكىمۇ ئارىلاشماي ئاچكۆزلۈك بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ھەسام گەپ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن:

— ئاداش سىز بۇلار بىلەن نەدە ئۇچرىشىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئاغىنىسى ئاغزىدىكى لوقمىنى يالماپ تۇرۇپ، — بۇلار كېلىپ «ھەسامنىڭكىگە بارىمىز» دەپ ئويغىتىشتى.

— ھېلىمۇ ئويغىتىشىپتۇ، — دەپتۇ ھەسام شۇ چاغدا، — بولمىسا ئاچ قوساق قانداقمۇ ئۇخلايتتىڭىز؟

## ھېلىمۇ ياۋروپاچە تەربىيىلەپسىز

ھەسام بىر نەچچە كىشى بىلەن مەلۇم خىزمەتدىشىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئەركە ئوغلىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ:

— بالامنى ياۋروپاچە تەربىيىلىدىم، قالتىس بالا بولدى جۇمۇڭلار، — دەپتۇ، شۇ ئارىدا بالا ئۆزىنى ئەكىلەتكەن ھەسامنى ۋاقىدە بىرنى ئۇرۇپتۇ.

— بارىكاللا، — دەپتۇ ھەسام بالىنى ئۆزىدىن يىراقلىتىپ، خىزمەتدىشىغا — ئوغلىڭىزنى ھېلىمۇ ياۋروپاچە تەربىيىلەپتىكەنسىز، ئەگەر باشقا يەرچە تەربىيىلىگەن بولسىڭىز، بۇ كەمگىچە بىزنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

## مەسلىكىنىڭ سىرى

ئاشخانىدىن چىققاندا بىر ئاغىنىسى ھەمدىن سوراپتۇ:

— دائىم قانچىلىك ئىچسىڭىزمۇ مەس بولمايتتىڭىز، بۈگۈن ئازراقلا ئىچىپ تەڭشىلىپ قالدىڭىزغۇ؟

ھەم جاۋاپ بېرىپتۇ:

— بۈگۈن پۇل خەجلەپ قويدۇم ئەمەسمۇ.

## خەۋەر تۇرماق...

ھەم مەكتەپتە ئىشلىگەندە يوقۇرىغا بىر پارچە ئەرز يازغان ئىكەن، لېكىن ئەرزنىڭ ئۇچۇرى تاش سۇغا چۆككەندەكلا جىمىپ كېتىپتۇ. بىر قېتىم مەكتەپنىڭ گېزىتىنى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن ھەيداشلىق قىلىپ سوراپتۇ:

— ھەمكا، مائارىپقا بەرگەن ئەرزىڭىزدىن خەۋەر بارمۇ؟

— نەدىكىنى دەيسىز دەپتۇ ھەم،— خەۋەر تۇرماق ئىگىمۇ يوق.

## باشلىقنى ماختاش

ھەمنىڭ باشلىقى دائىملا ئۇنى «مېنى سورۇنلاردا

نېمىشقا ماختىمايسەن؟» دەپ كايىيدىكەن. بىر قېتىم يۇقۇرىدىن ئەھۋال ئىگەللىگۈچىلەر كەلگەندە ھەسام باشلىقنىڭ ئالدىدىلا كەلگەنلەرگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىپتۇ.

— بىزنىڭ باشلىقتەك ئادەم شەھەردە يوقتە، باشقىسىنى دېمەيلا مۇشۇ قېتىمقى ئۆستەڭ چېپىشقا چىققانىنى دەي. ئۆستەڭ پۈتكىچە بىزنىڭ باشلىق كېچە-كۈندۈز يا تۈزۈك تاماق يېمەي، يا سۆزلىمەي...

— نېمە قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ كەلگەنلەردىن بىرى قىزىقىپ.

ھەسام دەررۇ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئۇخلىدى.

## پۇل خەجلەش

ئاغىنىلىرى ھەسامنى دائىم «پۇل خەجلىمەيسەن» دەپ ئەيىپلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار جەم بولغاندا ئۇلارغا دەپتۇ:

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن ئاخشام چۈشۈمدە سىلەرنى كۆرۈپتىمەن.

— نېمە قىلىۋېتىپتىمىز؟ — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ ئاغىنىلىرى.

— ئاشخانىدا تاماق يەۋېتىپتىمىز.

— پۇلنى كىم خەجلەپتۇ، — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئاغىنىسى كۈلۈمسىرەپ.

— پۇلنى مەن خەجلەپتىمەن، دەپتۇ ھەسام، — قېنى، ئەمدى نۆۋەت سىلەرگە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## داتلىشىپ كېتەمسىز - دە!

ھىسام يېڭى كۆچۈپ كەلگەن خوشنىسىدىن سوراپتۇ:
— ھاراق ئىچىپمۇ قويامسىز؟
— ۋاھ، بۇرۇن تازا ھاراق تۇڭى ئىدىم دەڭا، — دەپتۇ خوشنىسى جاۋابەن، — يىگىرمە يىل بولدى ئىچمىگىنىمگە.
ھىسام خوشنىسىغا چاخچاق قىپتۇ:
— ئۇنداقتا تازا داتلىشىپ كېتەمسىز - دە؟

## ئەمدى سالقىنداپ قالدى

ئاشخانىدا سامسا يەپ ئولتۇرغان يىگىتلەر ئالدىلىرىدىكى سامسىنىڭ تۈگىشىگە بىر بىردىن ئۆزىنى يەلپۈگەن بولۇپ:
— پاھ - پاھ، ئاشخانىنىڭ ئىچى تازىمۇ ئىسسىپ كەتتى جۇمۇ، — دېيىشىپ تالاغا چىقىۋاپتۇ. ئاشخانىدا بىر ئۆزىلا قالغان ھىسام يېڭى قومۇرغان سامسىدىن ئوتتۇزنى ئېلىپ تالادىكىلەرنى چاقىرىپتۇ:
— كىرىڭلار ھەي ئاغىنىلەر، ئاشخانا ئەمدى خېلى سالقىنداپ قالدى.

## بىلىق يۆتكەش

بىر ئاغىنىسى ھىسامغا چاخچاق قىلىپ سوراپتۇ:

— ئاغىنە، ئالتايدىن نۇرغۇن بېلىق ئېلىۋېدىم، ماشىنا-ھارۋا بىلەن يۆتكەپ كەلگىلى بولمايدىكەن، قانداق قىلسام بولار؟

ھەسام دەررۇ جاۋاپ بېرىپتۇ:

بۇنىڭ چارىسى ئاسان، بېلىقلىرىڭىزنى تار ئېرىقتا سولاپ ھەيدەپ كېلىڭ.

## ئىگىسىنى دورىغان-دە

بەكمۇ شەخسىيەتچى بىر ئىدارە خادىمى كوچىدا ۋەلىسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. ھەسام بىلەن بىللە كېلىۋاتقان بىراۋ ۋەلىسىپىتلىككە كەينىدىن ۋاقىراپتۇ:

— ھوي ئاغىنە، ۋەلىسىپىتىڭىزنىڭ ئارقا چاقىغا قوراي قىستۇرۇلۇپ قاپتىغۇ؟

— ئىگىسىنى دورىغان-دە، — دەپتۇ ھەساممۇ تەڭلا ۋاقىراپ، — قورۇق ماڭمايدۇ!

## تەڭپۇڭلاشسۇن دىدىم

ۋالىبول مۇسابىقىسىدە سۇدىيە بىر تەرەپكە يان بېسىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ھەسام قوش مۇشتۇمچىلىك تاشنى ئېلىپ سۇدىيەنىڭ بىر يانچۇقىغا ئۈنچىقماي سېلىپ قويۇپتۇ.

— ھەسام، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ تېرىكىپتۇ بىر تە-

www.uyghurkitap.com

رەپى ئېغىرلىشىپ كەتكەن سۆدىيە.

ھەسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— قارىسام ھەدەپ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كېتىۋاتىسىز، ئوڭ - سولىڭىزنى تەڭپۇڭلاشسۇن دىدىم.

## ئۆزەمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم

تەنتەربىيە زالىدا كەچلىك ۋالىبول مۇسابىقىسى راسا قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا، بىر نەچچە قېتىم توك كېتىپ تاماشىچىلارنىڭ كەيپىنى بۇزۇپتۇ. ئاخىرقى قېتىم توك كەتكەندە، ئويۇن كۆرۈۋاتقان ھەسام ئورنىدىن تۇرۇپ ئەنسىز ۋاقىراشقا باشلاپتۇ:

— ھەسام، ھەي ھەسام، نەدىسەن؟

— ئۆندۆرەۋاتامسىز ھەسامكا، ئۆزىڭىزنى — ئۆزىڭىز چاقىرغىنىڭىز نىمىسى؟ — دەپ ئەجەپلىنىپتۇ ھەسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياش يىگىت.

— ئۆندۆرىگىنىم يوق، — دەپتۇ ھەسام، — قاراڭغۇدا ئۆزەمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم.

## نەتىجەم يامان ئەمەس

بىر كىشى ھەسامدىن سوراپتۇ:

— ئاڭلىسام ئىدارىدە ئۆتكۈزۈلگەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپسىز، نەتىجىڭىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، — دەپتۇ ھېسام ماختىنىپ، — پەللىگە ئۈچىنچى بولۇپ كەلدىم.

— پاھ، قالتىسقۇ، — دەپ زوقلىنىپتۇ سوئال سورىغان كىشى، — يۈگۈرۈشكە قانچە كىشى چۈشكەن؟

ھېسام ئەيمەنمەي جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئۈچ كىشى.

## باشقىسىنى دەڭا

ھېسام تېۋىپلىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى يۈرەك ئاغرىقىدىن زارلىنىپ كەپتۇ.

— يۈرىكىڭىز قانداق چاغلاردا تولاراق ئاغرىيدۇ، — دەپ سوراپتۇ ھېسام بىمارنىڭ تومۇر سوقۇشىنى تىڭشاۋېتىپ.

— ئورۇنسىز پۇل خەجلەپ قويغان چاغلاردا، — دەپتۇ بىمار. ھېسام يۈزىنى چەتكە ئۆرۈپ:

— باشقىسىنى دەڭا، ئورۇنسىز پۇل خەجلىسەم مېنىڭ يۈرۈكۈممۇ ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ.

## جازام يېتەمشكەچە

ھېسام بۆلۈم باشلىقى بولغاندىن كېيىنمۇ كادىرلار بىلەن ئىلگىركىدەك قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىۋېرىپتۇ. بۇنىڭغا چىشى قېرىشقان ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا كايىپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

— ھېسامىدىن، سىز ئەمدى ئاددى كادىر ئەمەس. سەل جازىڭىز بولمىسا قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى باشقۇرالمايسىز جۇمۇ.

ھېسام ئۈنچىماپتۇ. ئەتىسى ئۇ خىزمەتكە ئۆيدىكى قول ھارۋىنىڭ جازىسىنى كۆتىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشلىق ئەجەپلىنىپتۇ.

— ھېسامىدىن بۇنى نىمىگە كۆتىرىۋالدىڭىز؟

— تۈنۈگۈنكى تەنقىدىڭىز مەسلىھەتىڭىز بويىچە، — دەپتۇ ھېسام، — ئۆزەمدە سىزنىڭكىدەك جازا يېتىشتۈرۈۋالغىچە مۇشۇ جازىنى ئىشلىتىپ تۇراي دەيمەن.

## بىر يۈرۈشلا بولۇپ كەتسۇن

تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ئۆزى تەنھەركەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىسىمۇ دائىملا تەنھەركەتچىلەر كىيىمىنى كىيىۋالىدىكەن، بۇنىڭدىن تېرىكىپ يۈرگەن ئىسكىلاتچى ھېسام، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باشلىققا ئىدارىنىڭ بەتمىنـ كىملىك بىر جۈپ كونكىسىنى تەڭلەپ:

— باشلىق، بۇنى كىيىۋېلىڭا! — دەپتۇ.

— ساراڭمۇ سىز؟ — دەپ تېرىكىپتۇ باشلىق، — مەن مۇزدا كېتىۋاتمايمەنغۇ؟

— مۇزدىغۇ كېتىۋاتمايسىز، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھېسام، — مۇشۇنىلا كىيىۋالسىڭىز، كىيگىنىڭىز بىر يۈرۈشلا ھۆكۈمەتـ تىن بولۇپ كەتسە دەيمەن - دە!

## توپ ئوينىماقچىدۇق

ئىدارە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەشغۇلاتى
ئۈچۈن ياسىتىلغان تىك ـ تاك توپ ئۈستىلىنى بولۇم باشلىقى
ئۆيىگە ئەكىتىپ مۈلۈك قىلىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ھىسام
بىر نەچچە كادىرلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، توپ، پالاق ستە ـ
كىلىرىنى كۆتىرىشىپ باشلىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ـ دە، ئۇنى
چاقىرىپتۇ.

بىر يەرگە چاقىرىپ كەلگەن بولساڭلار بارالمايمەن، —
دەپتۇ دەرۋازا ئالدىغا چىققان بۆلۈم باشلىقى، — ئۆيدە يۈزلۈك
مېھمانلىرىم بار.

— ھېچنەگە چاقىرىپ كەلگىنىمىز يوق، — دەپتۇ ھىسام
جىددى قىياپەتتە، — مېھمانلىرىڭىزنى ئالاغا ئەچىقىپ تۇرسىڭىز،
بىز تىك ـ تاك توپ ئوينايمىز.

## بىر نومۇر پايدا ئالامسىز؟

ھىسام خوشنىسىغا تەكلىپ بېرىپتۇ:

— بۇرادەر، توققۇزىنچى كالىچىڭىزغا ئونىنچى كالىچىمنى
تېگىشسەك قانداق؟

— نىمىشقا، — دەپتۇ خوشنىسى ئەجەپلىنىپ، — مېنىڭ
كالىچىم يېڭى، سىزنىڭ كالىچىڭىز كونا تۇرسا.

— ئەخمەقكەنسىز، — دەپتۇ ھىسام، — كونا يېڭىلىقى
بىلەن نىمە كارىڭىز، تېگىشسىڭىز بىر نومۇر پايدا ئالامسىز!

## خەۋەر ئەۋەتىش

ھەسام ئىختىيارى مۇخبىرلار تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقىنىدا، خوشنا ناھىيىدىن كەلگەن بىر كەسپدىشىدىن سوراپتۇ.

— ئاغىنە، سىلەرنىڭ ناھىيىدە خەت-چەكلەرنى نېمە بىلەن توشۇيدۇ.

— ماشىنا بىلەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئىختىيارى مۇخبىر، — سىلەرنىڭ ناھىيىدىچۇ؟

— مەنغۇ ئۆزەم كۆرمىدىم، — دەپتۇ ھەسام، — ئەمما بايقىشىمچە ئۇلاقتا توشۇيدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — سوھبەتدىشى ئەجەپلىنىپتۇ.

ھەسام دەپتۇ:

ئۆتكەندە پوچتىدىن بىر خەۋەر ئەۋەتسەم گېزىتخانا بىر ئايدىن كېيىن تاپشۇرۇۋاپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ دەيمەن-دە — دەپتۇ ھەسام.

## گېزىتكە يېزىلىش

بىر كىشى ھەسامغا ھال ئېيتىپتۇ:

— 5-ئايلىق گېزىتكە يېزىلسام، پوچتىمكەش 4-ئايلىق گېزىتنى ئەكىلىپ بېرىۋاتىدۇ، قاراڭ!

ھەسام مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەمسە بۇ قېتىم 6-ئايلىققا يېزىلىپ بېقىڭ، 5-ئايلىق گېزىتنى ئەكىلىپ بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

## تەمىنى تېتىپ بېقىش

ھەسامنى دادىسى شاپتۇل ئەكىلىشكە بۇيرۇپ كەچتە ئىشتىن كەلگەندە سوراپتۇ.

— ھەي ھەسام، شاپتۇلنى ئەكەلدىڭمۇ؟

— ئەكەلدىم، — دەپتۇ ھەسام، — ئەنە تەخسىدە.

— نېمە؟ — دادىسى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ، — ئۇ ساپلا شاپتۇل ئۇرۇقچىسىغۇ؟

ئۆزىڭىز تەمىنى تېتىپ بېقىپ ئال دېمىگەنمىدىڭىز، — دەپتۇ ھەسام چۈشەندۈرۈپ — بىر - ئىككىنى يېگەندە تەمى بىلىنمەيدىكەن ئەمەسمۇ!

## بەك ئوڭاي

بىرسى ھەسامدىن سوراپتۇ:

— ھەسامكا، تاماكا تاشلاي دېۋىدىم، ئوڭايمىدۇ، تەسمىدۇ؟

— ئوڭاي بولماي، — دەپتۇ ھەسام، — ئوڭاي بولغاچقا مەن شۇ كەمگىچە بىرەر يۈز قېتىمچە تاماكا تاشلىدىم ئەمەسمۇ.

## ئوڭلايمەن دەپ...

خوشنىلاردىن بىرى ھەسامغا خەۋەر قىپتۇ.

— ماۋۇ ئارقا كوچىدىكى ئەمىتاخۇن ئوغلىنىڭ بېشىنى

ئوغلايمەن دەپ تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ.

ھەسام ئەجەپلەنگەندەك بېشىنى چايقاپتۇ:

— خېلى زېرەك بالىدەك قىلاتتى، ئالدىراپ بېشىنى ئوغ-لايمەن دەپ، بۇزۇۋالمىغىدى!

## ئىچمەسلىكىم ئۈچۈن

تۇققانلىرىدىن بىرى ھەسامغا داستىخان ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ھاراقنى تولا ئىچىپ بولماي قالدىڭىز، ئەمدى قەتئىي ئىچمەڭ.

— بولىدۇ، قەتئىي ئىچمەيمەن، — دەپتۇ ھەسام جان دىلى بىلەن قوشۇلۇپ، — ھارىغىڭىز بارمۇ؟

— يەنە ھاراقنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ تۇققىنى چۆچۈپ، ھەسام ئۇنى خاتىرجەملەندۈرۈپ:

— باشقا گەپ يوق، بۇندىن كېيىن ئىچمەسلىكىم ئۈچۈن بىرنى كۆتىرىۋېتەي دەيمەن.

## خوتۇندىن قورققاننىڭ پايدىسى

بىرسى ھەسامدىن سوراپتۇ:

— ھەسامكا، خوتۇندىن قورققاننىڭ پايدىسىمۇ بارمۇ؟

— بار، — دەپتۇ ھەسام، — بىرلا پايدىسى بار.

— ئۇ قانداق پايدا، — سوئال سورىغۇچى قىزىقىپتۇ.

— ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىۋالىسەن، — دەپتۇ ھەسام.

# گۇنا بولىدۇ

بىر كۈنى ھېسام جامائەت بىلەن خەتمە تويىدا بىللە بو- لۇپ قاپتۇ. تۆردە ئولتۇرغان مەھەللە ئىمامى ھەدەپ:

— ئادەمنىڭ سۈرىتى بار ئۆيدە تەكبىر ئېيتىش گۇنا بولىدۇ. تامغا رەسىم چاپلاش گۇنا بولىدۇ...، — دەۋېرىپ، ئۆي- دىكى ھەممىلا رەسىم ئەۋلادىنى ئالغۇزۇۋېتىپتۇ. ھېسام بىر چاغدا ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كونۋېرت ئىچىدىن بەش سوملۇق پۇلنى ئاپتۇ- دە، سادىقخانىغا بېرىپ:

— بۇنىمۇ ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ. ئىمامنىڭ كۆزى چەكچىيىپتۇ- دە:

— ھېسامدىن بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ پوكاندەك قىزىرىپ.

ھېسامدىن چۈشەندۈرۈپتۇ:

— تەقسىر، قارىسام پۇلدىمۇ ئادەم سۈرىتى بار ئىكەن، سىلىنى گۇناغا شېرىك بوپ قالمىسۇن دېدىم.

# قاياققا قارىتىپ قويسا...

كىم نېمە دېسە ئەگىشىپ سۆزلەۋېرىدىغان بىر ئادەم توغرىسىدا بىرسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— شۇ كىشى سىزنىڭ خوشنىڭىزغۇ، ئۆزى قانداقراق ئادەم؟

— قانداق ئادەم بولاتتى، — دەپتۇ ھېسام، — يۈزىنى قاياققا قارىتىپ قويسا، شۇ ياققا ماڭىدىغان ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سەندە يەغلاڭغۇ بولمىسا...

ئوغلى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ ھەسامدىن سوراپتۇ:
— دادا، دادا، خوشنىمىز قوي سويۇپتىكەن، قوينىڭ ئىچىدىن «يەغلاڭغۇ چىتتى» دەپ بىر نەرسىنى ئېلىپ تاشلىۋەتتىغۇ، قوينىڭ يەغلاڭغۇسى بولامدۇ؟
— بولىدۇ، — دەپتۇ ھەسام ئوغلىغا، — قوينىڭ تۇرماق سېنىڭ قوسىقىڭدىمۇ يەغلاڭغۇ بار.
— ماڭە — دەپتۇ ئوغلى چەكچىيىپ قوسىقىنى تۇتقىنىچە، — مېنىڭ ئىچىمدە يەغلاڭغۇ نېمە قىلىدۇ؟
— قوسىقىڭدا يەغلاڭغۇ بولمىسا، — دەپتۇ ھەسام كۈلۈپ، — نېمىشقا ھەدىسىلا يىغلاپ ئاپاڭنى خاپا قىلىسەن؟

## چېكىمەي بولۇپ تاشلىمامدىم

ھەسامنىڭ تاماكا چېكىۋاتقىنىنى كۆرگەن خىزمەتدىشى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:
— ھەسامكا، تاماكىنى تاشلىۋەتتىم دەۋاتاتتىڭىز، يەنە چېكىۋاتامسىزغۇ؟
ھەسام ئۇنىڭدىن بەتتەر ھەيران بولغاندەك جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ.
— قىزىقكەنسىزغۇ، چېكىمەي تۇرگەتكەندىن كېيىن تاشلىۋەتمەمدىم؟

## دۈشمەن

كىنو باشلىنىشىدىلا ھەسام كىنودىكى چىرايى سەت بىر ئادەمنى يېنىدىكى ئاغىنىسىغا كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— قارا، ئاشۇ ئادەم مۇشۇ كىنودىكى دۈشمەن.

— ئۇنى نەدىن بىلىسەن؟ — ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ ئاغىنىسى، ئىلگىرى بۇ كىنونى كۆرگەنمىدىڭ؟

— كۆرمىگەن، ئەمما بىلىمەن، — دەپتۇ ھەسام، — ھەر قانداق كىنودا سەتلا ئادەملەر ئاخىرىدا دۈشمەن بولۇپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟

## بانا

ھەسام مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا، بىر قېتىم دادىسى ئۇنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ۋاراقلاپ بېقىپ ئاچچىقلىنىپتۇ.

— بالام، يازغان خەتلىرىڭ نىمانچە سەت؟

— ئۆزەڭ مايماق يازىدىغان قەلەم ئېلىپ بېرىپسەن، — دەپتۇ ھەسام بانا تېپىپ. دادىسى:

— ئەمىسە، ئەتە باشقا قەلەم ئېلىپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟

— ئاۋارە بولما، — دەپتۇ ھەسام يەنە بانا تېپىپ، — قانچە ياخشى قەلەم ئەكىلىپ بەرگەن بىلەنمۇ، ھازىرقى دەپتەرلەرنىڭ قەغىزى ياخشى ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىنساۋىڭىزنى تارتىپ بېقىڭ

ھەسام قاسساپتىن گۆش ئاپتۇ، قاسساپ ئادەتتىكى بويىچە تارازىنىڭ تەگپۇڭى كەلمەستىنلا گۆشنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. ھەسام نېرىدىكى دۇكانغا بېرىپ گۆشنى تارتقۇزۇپ كۆرگەن ئىكەن گۆش راستىنلا كەم چىقىپتۇ. ھەسام يېنىپ كېلىپ قاسساپقا دەپتۇ:

— ئۇستام، گۆشىڭىز كەم چىقتىغۇ؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، — دەپتۇ قاسساپ تاتىرىپ، — ھەي ئاداش، مېنىڭ تارازامدەك توغرا تارازا بۇ شەھەردە يوق جۇمۇ!

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەسام تەمتىرىمەي، — شۇ توغرا تارازىڭىزدا ئىنساۋىڭىزنى بىر تارتىپ بېقىڭا!



# ئەگەر بۇ ئىس بولسا

ھەسام كىچىك ۋاقتىدا بىر كۈنى دادىسى قوي سويۇپتۇ. دادىسى قوينىڭ قارنىنى يارغان ئىكەن، قوينىڭ قوسىقىدىن پۇقىراپ ھور كۆتىرىلىپتۇ. ھەسام بىلەن بىرلىكتە قوي سويغانىنى كۆرۈپ تۇرغان ئىنىسى بۇنى كۆرۈپ:

— قارا، قارا ئاكا، قوينىڭ قوسىقىدىن ئىس چىقتى، — دەپتۇ. بۇنى ئىس دىمەيدۇ، ھور دەيدۇ بالام، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ دادىسى كىچىك ئوغلىغا.

— شۇنى دىگىنە دادا، دەپتۇ ھەسام گەپكە قېتىلىپ، — قوينىڭ قوسىقىدا مۇنچىلا جىق ئىس بولسا، قوينىڭ بېشى ئاغرىمامدۇ - ھە؟

# دانا جاۋاپ

ھەسامىدىننى بەكمۇ دانا دەپ ئاڭلىغان بىر يىگىت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەسامىدىنكا، مەن نىمىشقا مۇنچىلا سېرىق، شۇنى دەپ بېرىڭا.

ھەسامىدىن «مەن نەددىن بىلەي» دىسىمۇ يىگىت ئۇنىماي تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— خوپ دەپ بەرسەم، دەپ بېرەي، ئاۋال شۇنى دىگىنە، داداڭ نىمە ئىش قىلىدۇ؟

— رېشالە ئېتىپ ساتىدۇ، — دىدي يىگىت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھە بولدى، دەپتۇ ھەسامىدىن جاۋاپ بېرىپ، — داداڭ تۇخۇمنىڭ ئىچىدا رىشالە ياساپ، سېرىقىدا سېنى ياسىغان ئىكەن.

## جۈملە تۈزۈش

بىر يىلى ھەسامىدىن ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسىدا ئوقۇپتۇ. بىر دەرستە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ جۈملە تۈزۈش مەشقىنى ئىشلىتىپتۇ. نۆۋەت ھەسامىدىنغا كەلگەندە، ئۇ دوسكىغا چىقىپ، دوسكىغا يېزىلغان «دوختۇرخانا ئەڭ ... ئورۇن» دېگەن جۈملىگە قاراپ، ئويلانمايلا چېكىتلەر ئورنىغا «مەينەت» دەپ يېزىپتۇ.

— ھەسامىدىن، جۈملىڭىز ياخشى تۈزۈلمەپتىغۇ، — دەپتۇ مۇئەللىم رازى بولماي.

— جۈملەمغۇ ياخشى تۈزۈلەتتى، — دەپتۇ ھەسامىدىن ھۆرمەت بىلەن، — بىراق ئۆتكەندە بالام ئىككى ھەپتە بالنىستا ياتقاندا دوختۇرخانىنىڭ تازىلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، شۇنى يېزىپ قويۇپتىمەن...

## چىش

ئۆمۈر بويى تاماكا چېكىپ چىشى قارىداپ كەتكەن بىر كىشىنى باشقىلار ئەيىپلەپتۇ:

— بۇنداقمۇ چىش بولامدۇ؟ نەدە پىرىپ مۇنچە كۆكەرتىۋالدىڭ؟

ھەسامىدىن ھېلىقى كىشىنى ئىزادىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ دەپتۇ:

— ھېچگەپ يوق بۇرادەرلەر، بۇ ئاغىنىمىز چىشلىرىم كىر كۆتىرىشلىك بولسۇن دەپ، سېپىنكىغا سېلىۋېتىپتۇ.

## ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن

مەلۇم بىر باشلىقىنى ھەسام تولىمۇ مەنسەپپەرەس دەپ ئاڭلىغان ئىكەن. بىر قېتىم شۇ باشلىق بىلەن مەلۇم تويدا بىر تاۋاققا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا ساھىپخان بوسۇغىدا تۇرۇپ ھەسامىدىن سوراپتۇ:

— ھەسامكا، سىز قايسى تاۋاققا قارىدىڭىز؟

ھەسام تاۋاقدىشىنى كۆرسىتىپ:

— ماۋۇ ئادەم بىلەن بىر تاۋاقتا ئولتۇردۇم، — دەپتۇ.

بىراق تاۋاقدىشى ئۇنىڭغا دەرھال كۆلىيىپتۇ.

— ھەي، قانداق نەرسە سەن، ماۋۇ ئادەم دەيسەنا، مېنى تونۇمامسەن؟ باياتىن ئۇنىڭ ھېلىقى مەنسەپپەرەس باشلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھەسام ھودۇقماي جاۋاپ بېرىپتۇ:

— كەچۈرسىز، سىزنىڭ ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن.

## ئاغىنىلىرىمنى دەپ بېرەيمۇ؟

دۈپكەيدە كادىرلار ھەسامىدىننى چاقىرىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋي جىتۋەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پاش قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دەپتۇ ھەسامىدىن قۇلىقىنى كادىرغا يېقىن ئەكىلىپ، كادىر ۋاقىراپ دەپتۇ:

— جىتۋەن بىلەن بولغان ئالاقەڭنى دەپ بەر! ھەسامىدىن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— كادىر ئەپەندىم، جىتۋەننى تونۇمايدىكەنمەن، باشقا ئاغىنىلىرىمنى دەپ بېرەيمۇ؟

## قالغىنىنى تۈزلىۋالاي

ھەسامىدىن چاچ-ساقال ئالدۇرۇش ئۈچۈن ساتىراشخانىغا كىرىپتۇ. خوشنا كەسپدىشى بىلەن ئەتىگەن يىگەن تاماقنىڭ پاراڭىغا چۈشكەن ئايال ساتىراچ ھەش-پەش دېگىچە ھەسامىدىننىڭ بېشىنىڭ ئۈچ-تۆت يېرىنى كېسىپ قىزىل قان قىلىۋېتىپتۇ، بىخۇتلۇق قىلىپ يەنە بىر يەرىنى كەسكەندە ھەسامىدىن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپتۇ-دە، پەرتۇقنى يۇلۇۋېلىپ ساتىراچقا تۇتقۇزۇپتۇ-دە:

— رەھمەت سىزگە، بېشىمنىڭ يېرىمىنى قىيما قىلىپ بەردىڭىز، بۈگۈنكى تاماققا يېتىدۇ، قالغان يېرىمىنى ئۆيگە بېرىپ تۈزلىۋالاي، — دەپتۇ.

## ئەجەپلىنىش

بىر ئوبدان خىزمەت قىلىپ يۈرگەن ھەسامىدىننى بىر كۈنى ئىدارە باشلىقى چوڭ يىغىندا «يولداش ھەسامىدىن، مەلۇم



www.uyghurkitap.com

سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ بىر نەچچە يىل چىنىقىدۇ» دەپ ئېلان قىپتۇ.

— ئەجەبا، — دەپتۇ ھەسامىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ ئۆپچۆرىسىگە قاراپ كۈلۈپ.

— نىمىگە ئەجەبا دەيسىز؟ — باشلىق ھەيران بولۇپ سوراپتۇ. ھەسامىدىن باشلىقتىنمۇ يامانراق ئەجەپلەنگەن كىشى بولۇپ:

— مەن ئۆزەمنىڭ شۇ كەمگىچە تۆۋەندە بولماي، ئاسماندا ئىكەنلىگىمنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن، — دەپتۇ.

## ۋەھى

ھەسامىدىن بىر بېخىل ئاغىنىسىنى راسا كەلتۈرۈپ باپلىماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئاغىنىسىنىڭ بېغىغا ئارقا تامدىن چۈشۈپتۇ-دە، ھەر خىل مېۋىلەرنى يەۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئاغىنىسى باغ ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەسامىدىننى تۇتۇۋاپتۇ ۋە «يېگەن مېۋىنىڭ پۇلىنى تۆلىمىگىچە ھويلامدىن چىقمايسەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھەسامىدىننىمۇ ئۈنچىقماي بېخىلنىڭ تامىقىنى يەپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى كۆرگەن بېخىل ھەسامىدىندىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ بىر ئەتىگەنلىك چايدا دەپتۇ:

ھەسامىدىن، يېقىنقى كۈنلەردىن بىرى ساڭا ئاسماندىن بىرەر ۋەھى كەلدىمۇ نىمە؟

— كەلدى، — دەپتۇ ھەسامىدىن ئەتكەن چايغا ناننى راسا چىلاۋېتىپ.

— ھە-ھە-نىمە ۋەھى كەلدى؟ — دەپتۇ بېخىل ئالدىراپ.

www.uyghurkitap.com

— نېمە ۋەھى بولاتتى دەپتۇ، — ھەسامىدىن، — ھەي ھەسامىدىن يەيدىغان ئىچىدىغان يەرنى ئەمدى تاپتىڭ، مىدىرلىماي ياتىۋەر، دەپ ۋەھى كەلدى.

## پىيما

ئەتىيازدا شەھەرنىڭ كۆپلىگەن كوچىلىرى ئادەم دەسسىگۈسىز پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسامىدىن پۇتىغا پىيما كىيىپ تاشيول ئاسراش ئىدارىسىگە كىرىپتۇ.

— ھەسامىدىن ئەتىيازدا پىيما كىيىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ — ھەيران بولۇپ سوراپتۇ ئۇنى كۆرگەن يول ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

— سىلەرنىڭ يوللارنى پاتقاقتىن تازىلاشقا ۋاقىت چىقىرالمىغىنىڭلارنى بىلگەچكە، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھەسامىدىن باشلىققا، — پاتقاق قۇرۇتاي دەپ كىيىپ چىققان ئىدىم.

## تېلېفوندا سۆزلىشىش

ھەسامىدىن تېلېفوندا سۆزلىشىپ كۆرمىگەن ئىكەن، بىر كۈنى مەلۇم ئىدارە بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەپتۇ:

— ۋەي، — دىگەن ئاۋاز كەپتۇ تۇرۇپكىدىن، — تۆنۈگۈنكى ماتېرىياللاردىن سىلەرگە نەچچىسى باردى؟

ھەسامىدىن دەررۇ تۇرۇپكىنى ئۇستەلگە قويۇپتۇ-دە، بىر قەدەم چېكىنىپ، قۇچىقىنى كەڭ يېيىپ:

— ۋەي، مانا مۇشۇنچىلىك كەلدى، — دەپتۇ.

## ئىتتەك ۋە بۇلبۇلدەك

نەشتەردەك سوغاق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسامىدىن بىر نەچچە ئاغىنىسى بىللە كېتىۋېتىپ، چوڭ كوچىغا كەلگەندە مۇزلاپ كاس-كاس تىترەۋاتقان بىر ئاغىنىسىگە چاخچاق قىپتۇ:

— پاھ! ئاغىنە، ئىتتەك تىترەۋاتىسەنغۇ، ئاغىنىسى دەررۇ ئۆكۈپتۇ:

— نېمىدەك دەيسەن؟

ھەسامىدىن دەرھال گېپىنى ئوڭشىۋاپتۇ.

— يوقسۇ، بۇلبۇلدەك تىترەۋاتىسەن دەيمەن-دە!

## يېرىم كۈلكە

ھەر قانداق گەپنى دۇدۇقلاپ قىلىدىغان ئالدىراقسان بىر كىشى ئۆزىچە ھەسامنى ئوخشاتماقچى بوپتۇ-دە، چاخچاق قىلىۋېتىپ يېرىم يولدىلا توختاپ قاپتۇ. ھەسامىدىن بولسا ئۇنىڭ چاخچىقىغا جاۋابەن بىر قاتتىق كۈلۈۋېتىپ كۈلكىنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ قويۇپتۇ. ئالدىراقسان يەنە چاخچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە كۈلكىنىڭ يېرىمى قېنى؟

ھەسامىدىن جاۋاپ بېرىپتۇ.

— يېرىم چاخچاققا يېرىم كۈلكە.

## ئورنىغا مەن ئوقۇيمەن

ھەسام مەكتەپنىڭ ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىدا ئۇنى قوڭغۇراق چېلىشقا بەلگىلەپ قويۇپتۇ. تۆۋەنكى سىنىپتىكى بىر كەپسىز بالا توك قوڭغۇراقنى پات-پاتلا بىمەھەل چېلىۋېتىپ نەچچە قېتىم ھەسامنى تەنقىتكە قويۇپتۇ. ئاخىرقى بىر تەنقىتتىن كېيىن ھەسام مۇدىر ئىشخانىسىگە كىرىپ ئەرز قىپتۇ.

— بۈگۈندىن تارتىپ مەن قوڭغۇراقنى ئۆتكۈزۈپ بەرسەم.

— نېمىگە؟ — ھەيران بولۇپ سوراپتۇ مۇدىر.

— تۆۋەنكى سىنىپتا بىر قوڭغۇراقچى ئوقۇغۇچى چىقىپ قالدى، شۇنىڭغا.

ئەھۋالنى ئەمدىلا چۈشەنگەن مۇدىر كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئۇنداقتا سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

ھەسام جاۋاپ بېرىپتۇ:

— نېمە قىلاتتىم، مەن شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنىدا ئوقۇيمەن-دە!

## مېنى چىشلىمەيدۇ

ھەسامىدىننىڭ ئۆيىدە قونۇپ كېچىچە ھاراق ئىچىشكەن

ئىككى ئاغىنىسى ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە هاراق جىدەلىنى قىپتۇ:

— ئاغىنە، هاراق ئىچەمسەن؟ بىرەر رومكىدىن ئىچمەيلىمۇ؟

— ئەتىگەندىمۇ هاراق ئىچەمدۇ، چاي ئىچىڭلار دەپتۇ هىسامىدىن.

— هاراق ئىچكىنىمىز ياخشى، — دەپتۇ ئاغىنىلىرى، — سېنى ئاخشامقى هاراق چېشلىۋالمىدىمۇ؟

هىسامىدىن ئۇلاردىنمۇ قوۋ كەپتۇ.

— يوقسۇ، — دەپتۇ ئۇ، — ئاخشامقى هاراق مەن بىلەن تونۇش، مېنى چېشلىمەيدۇ.

## دورا

هىسامىدىن ياخشى تونۇيدىغان مۆتىۋەر بىر سازەندە ئاغرىپ قېلىپ، هىسامىدىن ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ.

— ئاغرىپ قاپسىز-دە؟ — دەپ سوراپتۇ هىسامىدىن كېسەل ياتقان ئۆينىڭ تېمىدىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئىرەڭ قىلمىغاندەك قىلىپ.

— مانا شۇنداق ياتتۇق بۇرادەر؟ — دەپتۇ سازەندە ئاھ-ۋايلىغىنىچە، — خەقتىن ئاڭلىغانلا دورىنى قىلىۋاتىمەن، بىرەرسى كار قىلاي دېمەيدۇ.

— بۇنىڭغا دورا بار، — دەپتۇ هىسامىدىن، — سىز بارغۇ لىمپەدە، ئەجەم، جوڭخازىلارنى ئاردىلاشتۇرۇپ، هاۋانچىدا تازا يۇمشاق سوقۇپ، هەر قېتىملىق غىزادا بىر چىمدىمدىن كاپ ئېتىپ بېرىڭ، ئوڭلىنىپ قالىسىز.

كېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا ھاسامدىن تالاغا مېڭىپتۇ. كېسەل بولسا ئاغرىق ئازاۋىدىن قانچە قېتىنالىسمۇ چىدىيالمىغىنىدىن كۈلۈۋېتىپتۇ.

## باشلىقنىڭ خەرىتىسى ۋە سىزنىڭ خەرىتىڭىز...

مەكتەپكە كەلگەن ئىشچىلار تەشۋىقات دۈيىنىڭ باشلىقى ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىمدە ئۆزىگە تەڭ قىلالمايدىكەن، بىر كۈنى ئۇ مەلۇم جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن سۆز تالىشىپ قاپتۇ.

— ياپونىيە ياۋروپاغا جايلاشقان، — دەپتۇ ئۇ.

— توغرا ئەمەس، ئاسىياغا جايلاشقان، — جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. باشلىق جاھىللىق قىلىپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى دەرھال تامدىن دۇنيا خەرىتىسىنى ئېلىپ ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلاپتۇ. باشلىق بوزىرىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

باياتىن سۆھبەتنى تىڭشاپ تۇرغان ھاسامدىن باشلىقنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتقۇزماقچى بولۇپ گەپكە ئارىلىشىپتۇ.

— ئوكا، ھەر ئىككىڭلاردا ئوقۇشماسلىق بولۇپتۇ. ئەسلىدە باشلىقنىڭ خەرىتىسى بىلەن سىزنىڭ خەرىتىڭىز ئوخشىمايدىكەن ئەمەسمۇ؟

## مەرغۇللىتىپ ئىچىمىز

بىر ئولتۇرۇشتا ساقى ئۆۋەت بويىچە ھاراق سۇنغاندا، ھىسامىدىننىڭ قولى ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىپتۇ-دە، رومكىدىكى ھاراق ئازراق يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. دەل شۇ پەيتتە راسا مەرغۇللىتىپ تەمبۇر چېلىۋاتقان سازەندىنىڭ كۆزى بۇنىڭغا چۈشۈپتۇ-دە، سازنى چېپلا توختىتىپ ھىسامىدىنغا چاخچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، قولۇڭلار نېمانداق تىترەيدۇ؟

— ئەتەي تىترەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھىسامىدىن دەررۇ جاۋاپ ياندۇرۇپ، — سىلەر تەمبۇرنى مەرغۇللىتىپ چالغاندەك، بىزمۇ ھاراقنى مەرغۇللىتىپ ئىچىمىز.

## ئانام شۇنداق سىدام تۇغۇپتىكەن

بىر مەھەل ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە ئىشلەپچىقىرىش تاشلاپ قويۇلۇپ ھەدېسىلا قۇرۇق يىغىن كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ھىسامىدىننىڭ ئىچى پۇشۇپ، يىغىن دېگەن كۈنى بۆلەك يەرگە كېتىپ يىغىنغا قاتناشمايدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۈيجاڭ ئۇنى چاقىرتىپ ئەيىپلەپتۇ:

— ھىسامىدىن، بىرمۇ يىغىنغا قاتناشمايسەن، نېمانداق سېنى تۇتقىلى بولمايدۇ؟

باشقا گەپ قىلىشنى ئەپ كۆرمىگەن ھىسامىدىن جاۋابىنى چاخچاققا بۇراپتۇ:

— قانداق قىلىسىز ئەمدى، ئانام مېنى شۇنداق تۇتقىلى بولمايدىغان قىلىپ، سىدام تۇغۇپ قويۇپتىكەن.

## ئۆز قولى بىلەن

ئىدارە داگۇپيىسىنىڭ كاتىۋى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە كەل-
گەن شەخسى خەتلەرنىمۇ ئېچىپ كۆرۈپ ئاندىن ئىگىسىگە بېرى-
دىكەن، ئۇ ھەقتە كۆپچىلىك نارازى بوپتۇ.

بىر كۈنى ھېسامىددىنىڭ يىراقتىكى تۇققىنىدىن خەت كەپتۇ.
ھېسامىددىن خەتنى ئاچماي چۈشتىن كېيىن خىزمەتكە كەلگەن-
دە داگۇپيى كاتىۋىنى ئىزلەشكە باشلاپتۇ.

— كاتىپنى نېمە قىلىسىز؟ قولىڭىزدىكى نېمە خەت ئۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ شۇجى ئۇنىڭدىن.

— باشقا مۇھىم ئىشىمغۇ يوق، — دەپتۇ ھېسامىددىن — بۈ-
گۈن تۇققىنىمدىن سالام خەت كەلگەن ئىكەن، كاتىپنى ئۆز
قولى بىلەن ئاغزىنى ئېچىپ بېرەمدىكىن دەپ ئىزلەپ يۈردىمەن.

## ئېقىپ كەلمىدىم

ھېسامىددىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەسلىكىنى مەھەللە
باشلىقلىرى بىلىسىمۇ، ھەر يىلقى ھەركەتتىلا تارقاقلاشتۇرىمىز دەپ
ئۇنى يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، ھېسامىددىنمۇ يېزىدا ئۆزىنى تور-
مايلا شەھەرگە يېنىپ كېلىۋالىدىكەن. بىر قېتىملىق يېزىدىن يېنىپ
كېلىشىدە مىنبىڭلار ئۇنى ئېقىپ كەلگەنلەر قاتارىدا يىغىۋېلىشقا
ئاپىرىپتۇ.

— سەن نەدىن ئېقىپ كەلدىڭ؟ — دەپ ھەيۋە بىلەن سو-
راپتۇ باشلىقىسىمان بىر مىنبىڭ.

— يوقسۇ مەن ئىچىپ كەلمىدىم، — دەپتۇ ھەسامىددىن خاتىر-
جەملىك بىلەن، — چىلپۇزنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ كەلدىم.

## جىدەل

ھەسامىددىننىڭ ئايالى تولىمۇ ئۇرۇشقاق زەھەر تىللىق ئايال ئىكەن. بىر قېتىم ماجىرالىشىپ قېلىپ ئايالى ھەسامىددىننى تىللاپتۇ:

— ئەر دېگەن سەندەك بولامدۇ؟ مەنزە دۇادۇلغا تەگدىم دەپ ئىشەككە تېگىپ قاپتىكەنمەن ئەمەسمۇ؟

كېپەك تىپ — توغرا خوتۇن، — دەپتۇ ھەسامىددىنمۇ، — سەنمۇ مەندەكلا ئويلاپ قاپسەن؟

— خوش، سەن نىمىنى ئويلاپ قالدىڭ، — دەپتۇ ئايالى چالۋاقاپ.

— مەنمۇ بۇلبۇلنى ئالدىم دەپ كەكلىكنى ئالغان ئىكەنمەن ئەمەسمۇ؟

## بەشتە ياخشىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ

ھەسام ھارۋىكەشلىك قىلغان بىر يىلى «بەشتە ياخشى» بولۇپ باھالىنىپتۇ. ئىككىنچى يىلى يەنە ياخشى ئىشلىگەن بول-سىمۇ باشلىق بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ سايلانالماي قاپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ خىزمەتتە سۇسلىشىپ كېتىپتۇ، بىر كۈنى مەلۇم ئىش بىلەن باشلىق ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ بىر يەرگە بارماقچى بوپتۇ. يولدا ھەسامىددىننىڭ ھارۋىسىنىڭ مايلان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ەغان چاقى قۇلاقىنى زىڭىلداتقىدەك غىچىرلاپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشلىق قاپقىنى سېلىپ سوراپتۇ:

— ھەسام ھارۋاڭ غىچىلداپ قاپتىغۇ؟

— غىچىلدىغىنى يوق باشلىق، — دەپتۇ ھەسامىدىن چۈشەندۈرۈپ — بۇلتۇرقى «بەشتە ياخشى» نىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ.

## بەكارغا بولسا...

پەۋا دۇكىنىغا ماڭغان يىگىتلەردىن بىرى ئارىسىدىكى ھەسامىدىنغا چاخچاق قىپتۇ:

— ھەسامكا، سىزگە پەۋا زىيان قىلىدىغۇ دەيمەن؟

ھەسامىدىن دەرھال جاۋاپ بېرىپتۇ:

— يوقسۇ ئىنىم، بىكارغا بولسا پايدا قىلىدۇ.

## يۈرەكنىڭ داپ چېلىشى

ئىدارە ئاشخانىسىنىڭ تامىقى بىر مەزگىل بەكمۇ ناچارلىشىپ كېتىپتۇ. مەلۇم بىر كۈنى يۇقۇرىدىن ئاشخانا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باشلىق كېلىپ قالغاچقا، بىر ۋاقىتلىق تاماق بەكمۇ سۈپەتلىك ئېتىلىپ، ئادەتتىكىدىن كۆپ بېرىلىپتۇ. بىر نەچچە كىشىلەر قاتاردا ھەسامىدىننىڭمۇ ئاشقازىنى بۇنى كۆتىرەلمەي، ئاغرىپ قاپتۇ، ئەتىسى ئۇ دوختۇرغا بېرىپتۇ.

— يۈرىكىڭىز داپ چېلىپ قاپتىغۇ بۇرادەر؟ — دەپتۇ ئۇنى

تەكشۈرۈپ كۆرگەن تونۇش دوختۇر چاخچاق قىلىپ.
— ھەئە، — دەپتۇ ھىسامىددىن، — ئاخشام ئاچچىق ئۈچىيىمدە توي بولغان، شۇڭا داپ چېلىۋاتىدۇ.

## ھىسامىددىننىڭ يۈرۈشى

بىر گۈزەل دىلبەرنىڭ كەينى چىقىپ، ئاغىنىسى ھىسامىددىننى سوراپتۇ:
— شۇ قىز بىلەن يۈرگەنمۇ سەن؟
— يۈرگەن دەپتۇ ھىسامىددىن ئويلانمايلا.
— يۈرگەن دەمسىنا؟ — ئاغىنىسى قىزىقىپ، — نەچچىلىك يۈرگەن؟
ھىسامىددىن دەپتۇ:
—بىر قېتىم بىزنىڭ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىن بازارغىچە يۈرگەن.

## غازنىڭ سۆزى

ھەر كۈنى كەچكى تاماق ۋاقتىدا تەييار بولىدىغان بىر خوشنىسىدىن ھىسامىددىن بىزار بوپتۇ. بىر قېتىم يەنە كەچكى لەگمەنگە ئۈلگۈرگەن ھېلىقى خوشنىسى گەپ سېتىپ ئولتۇرغاندا، ھويلىدا ھىسامىددىننىڭ باققان غازلىرى تۇش - تۇشتىن «غاق - غاق» قىلىشىپ كېتىپتۇ. خوشنىسى ئۆزىچە چاخچاق قىلىپ:
— بۇرادەر، غېزىڭلار نىمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— نىمە دەيتتى، — دەپتۇ ھىسامىددىن زەھەرلىك كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ، — «ئىززىتىنى بىلمەيدىغان مېھماندىن تويدۇق، غاق - غاق» دەيدۇ.

## ئەمدىغۇ موزاي بولارسىز؟

مەھەللە دوقمۇشىدا تۇرغان بىر يىگىت كوچىدىن ئۆتكەنلا، قىزلارغا گەپ تاشلاپ سەل نېرىدا تۇرغان ھەمسامەدىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا كوچىدىن چىرايلىققىنە بىر سەنئەتچى قىز ئۆتۈپ قاپتۇ، ھېلىقى يىگىت ئۆزىچە قىزغا ئاڭلىتىپ:

— ئېخ، سەنئەتچى بولسامىدىم، — دەپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن كوچىدىن خوشپىچىم كىيىنگەن تەنھەركەتچى قىز ئۆتۈپتۇ، يىگىت بۇ دورەممۇ:

— ئېخ، تەنھەركەتچى بولسامىدىم، — دەپتۇ.

ئانچە ئۆتمەيلا نېرىدىن موزاي يېتىلىگەن بىر قىز كېلىپ قاپتۇ، يىگىت بۇ قېتىم ئۈنچىقماي تۇرۇۋاپتۇ. ھەمسامەدىن بولسا يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ دەپتۇ:

— قانداق ئىنىم، ئەمدىغۇ موزاي بولارسىز؟



## دوكلاتچى

يىغىندىن چىقىۋېتىپ ھەسامىدىن يېنىدىكى كىشىگە دەپتۇ:

— بايىقى باشلىق ھاراق ئىچىشكە قارشى تۇرۇش ھەققىدە تازا كېلىشتۈرۈپ سۆزلىدى-ھە؟

— سەن ئۇ كىشىنى تونۇمسەن! — دەپتۇ بۇرادىرى.

— تونۇيمەن، — دەپتۇ ھەسامىدىن، — تېخى تۈنۈگۈنلا ئاشخانىدا ئۇنىڭ بىلەن غەرق مەس بولغىچە ئىچىشتۇققۇ.

## كەمتۈك چىش

ھەسامىدىننىڭ ئۇدۇلىقى ئىككى چىشى يوق ئىكەن. بىر ئاغىنىسى ئۇنى مازاق قىلماقچى بولۇپ، «ئاغىنە، چىشىڭنىڭ كەمتۈك يېرىگە تام سوقتۇرۇۋالساڭ بولمامدۇ؟» — دەپتۇ.

— بەللى، بۇ جايىدا مەسلىھەت بولدى!، — دەپتۇ ھەسامىدىن، — ئۇنداقتا بىر يولى گېلىمغا قورۇلۇشمۇ سالدۇرۇۋالمىدىكەنمەن-دە؟

— ياخشى گەپ، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — ئەمىسە باشقا يەرلەرنىمۇ قويۇپ، مەشرەپنى كۈندە سېنىڭ گېلىڭدىلا ئوينايدىكەنمىز-دە.

ھەسامىدىن كەسكىن قىلىپ:

— مەشرەپچىلەر راسا قىزىغاندا بىرلا «ئوھۇ» دېسەم ھەممىڭ ئۆزەڭنى يەردە كۆرىشسەن-دە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھاراق كۆتىرىش

خەقلەر ھىسامىدىندىن سوراپتۇ:

— سىزنى بەك ھاراق كۆتىرىدۇ دېيىشىدۇ، زادى بىر قېتىمدا نەچچىلىك ھاراق كۆتىرەلەيسىز؟

ھىسامىدىن ئويلىنىپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— قوساقتا گاڭ باغلىۋالسام، يول تۈزلا بولسا ئەللىك كىلو ھاراقنى بوچكىسى بىلەن دەس كۆتىرىپ كېتىمەن.

## مېنىڭ ئېتىم ئىشەك ئەمەس

ھىسامىدىن يېزىدا ۋاقتىدا بىر قېتىم ئىشەك ھارۋا بىلەن شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ، يېڭى يولغا قويۇلغان قاتناش تەرتىۋىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇ چوڭ كوچا بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا كەينىدىن قاتناش ساقچىسىنىڭ: ھەي ئىشەك، كەينىگە يان! — دەپ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىنىپتۇ.

ھىسامىدىن گەپنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى سەزسىمۇ ئەتەي كېتىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ساقچى ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ بوجىغا ئېسىلىپتۇ.

— پاڭمۇ سەن، نىمىشقا ۋاقىرىسام توختىمايسەن؟

— ھازىر مېنى چاقىرغانمىدىڭىز؟ — دەپتۇ ھىسامىدىن ھەيران بولغان قىياپەتتە.

— سېنى بولماي ئاۋۇ دەرەخنى چاقىردىمۇ؟ — دەپتۇ ساقچى تاتىرىپ، — ئۇنداق بولسا كەچۈرسىز، — دەپتۇ ھىسامىدىن سالاپاق ئاھاڭدا، — مېنىڭ ئېتىم ئىشەك ئەمەس، مېنىڭ ئېتىم ھىسامىدىن.

## شەھەر سوراش

ئىككى كىشى ئۆز-ئارا قىزىرىشىپ قېلىپ، بىرسى يەنە بىرسىگە ماختىنىپ ۋاقىراپتۇ:

— ئۆزەڭچە خەقنى كۆزگە ئىلمايسىنا، داداڭچۇ، شەھەر سوراپ ئۆتكەن ئادەم، بىلەمسەن، شەھەر سوراپ ئۆتكەن.

— نىمە دەيسىنا، — يەنە بىر كىشى كۈلۈپ سوراپتۇ، — سېنىڭ داداڭ نەلەردە يۈرۈپ شەھەر سورىغانىكەن؟

چەتتە تۇرغان ھېساممىدىن گەپكە ئارىلىشىپتۇ.

— نەدە يۈرۈپ شەھەر سورىغان دەمسىز، ئوقەت قىلىپ يۇرتمۇ-يۇرت كېزىپ يۈرگەن چاغلىرىدا «ماۋۇ قايسى شەھەر، ئاۋۇ قايسى شەھەر» دەپ بىلمىگەن شەھەرلىرىنى سورىغان-دە.

## مۇش قورۇپ يىدۇق

مەھەللىدىكى بىر لۈكچەك ھېساممىدىننىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشىغا چىدىماي، كېچىسى يولدا پايلاپ تۇرۇپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ھېلىقى لۈكچەك كوچىدا يۈز-كۆزى ئىششىغان ھالدا كېتىۋاتقان ھېساممىدىننى كۆرۈپ ھېچنىمە ئۇقمىغاندەك سوراپتۇ:

— ھېسامكا، نىمە بولدىڭىز؟

— ئاخشام دوقمۇش مەھەللىدىكى بىر مەشرەپكە داخىل بولۇپ قېلىۋېدىم ئۇكا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھېساممىدىن، — راست كېلىشتۈرۈپ مۇش قورىغان ئىكەن ئاچ، قوساققا جىقراق يەۋېتىپتىمەن.

## تالۇننى ئالماشتۇرۇپ كېلىڭ

سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ھەسامىدىن بىر مېھمانخانىدا قونۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان بىر يىگىت كېچىسى راسا خورەك تارتىپ يولۇچىلارنى زادىلا ئۇخلاتماپتۇ. خېلىغىچە تاقەت قىلىپ باققان ھەسامىدىن ئاخىرى چىدىيالماپتۇ-دە، يىگىتنى تۇرتۇپ ئويغىتىپتۇ.

تۇرۇڭ، ھەي يولداش، تۇرۇڭ!

— نىمە گەپ؟ — چۆچۈپ ئويغانغان يىگىت كۆزلىرىنى ئۇگىلاپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.

— سىزگە ئويغۇنىڭ تالۇننى كەسكەن ئىكەن، — دەپتۇ ھەسامىدىن جىددى ھالەتتە، - يۈگۈرۈڭ، خورەكنىڭ تالۇننى كەستۈرۈپ كېلىڭ!

## قالغىنىغا كىم قالىدۇ؟

سەنئەت ئۆمەكتىكى ھەسامنىڭ مۇقامچى كەسپدىشى بىر قېتىم ئاغرىپ بالنىستا يېتىپ قاپتۇ. ھەسام ئۇنى يوقلاپ بارغان-دا مۇقامچى ھال ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— دوختۇرلار كېسەلىڭ تاماكا چېكىشتىن زورايغان دەيدۇ، ئېخى يەنە تاماكىنى تاشلىمايدىغان بولساڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ. تاماكىنى كۆپ چەككەنلەرنىڭ تولىسى راك بولىدۇ، دەپ قورقىتىۋاتىدۇ.

ھەسام كۆيۈنگەن ھالدا كەسپدىشىغا مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— بوندىن كېيىن زادى چەكمەڭ، ياغۇز راكلا بولۇۋالسىڭىز، مۇشاۋرەك، ناۋا، پەنجىگاھلارغا كىم قالىدۇ؟

## يۈزسىز

ھەسامىدىن كېسەل بولۇپ خوشنىسىغا بىر ئاغىنىسىنىڭ ئېتىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. خوشنىسى دېگەن قەرەلىدە پۇلنى بەرمەي، ھەسامىدىننى ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا كۆپ يالغانچى قىپتۇ. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ بىر كۈنلۈكى ھەسامىدىن ھېلىقى پۇلنى سۈيلەپ يەنە خوشنىسىغا يولۇقۇپتۇ.

— ۋاي بۇرادەر، — خوشنىسى دائىملىق ھىلىسىنى ئىشلىتىپ گەپ يورغىلىتىپتۇ، — شۇ پۇلنى ۋاقتىدا جايلاپ بېرەلمەي ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈم قالمىدىغۇ زادى.

— خاتالاشتىڭىز خوشنام، — دەپتۇ ھەسامىدىن شۇ چاغدا، — سىزدە ئەزەلدىنلا يۈز بولمىغان، يەنە نەنىڭ يۈزىنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرىسىز؟

## ئۇ يەردىمۇ ئۇخلاتمايسەن

بىر ئاغىنىسى ئۆزىچە ھەسامىدىن بىلەن چاخچاقلاشماقچى بولۇپتۇ.

ئاغىنە، ئىككىيلەن تەڭلا ئۆلسەك، بىر گۆركىلا قويسا، چاخچاقلىشىپ يېتىپ زېرىكمەيتتۇق — ھە؟

ھەسامىدىن دەررۇ قاپىغىنى تۈرۈپ:

ياق بۇرادەر، سەن بىلەن بىر گۆردە ياتمايمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بوپتۇ ئاغىنىسى.

— سەۋەپ شۇكى، — دەپتۇ ھەسامىدىن — سېنىڭ خورەك تارتىدىغان ئەسكى قىلىقىڭ بار، ئۇ يەردىمۇ ئادەمنى ئارامىدا ئۇخلاتمايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

## كۆڭۈل بۆلۈش

بىر كىشى ھەسامغا شىكايەت قىلىپ:

ئاياق كىيىم كارخانىسىغا بىر پارە چىتمەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن قاتراۋاتقىنىمغا ئىككى ئاي بولدى. يەنە نەچچىلىك ماڭىدۇراركىن، دەپتىكەن، ھەسام ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپتۇ:

— ھېچقىسى يوق، بىلىسىگىز بۇ سىزگە كۆڭۈل بۆلگىنى، كۆپرەك يول ماڭسىڭىز تېنىڭىز ساغلام بولىدۇ.

— ئەمىسە يىكاپتا كەلگەنلەرگە دەررۇ ھەل قىلىپ بېرىدىغۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى قاناتەتلەنمەي.

ھەسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئۇلارنىڭ دىگەن يۈرەك كېسەللى بار-دە! تولا مېڭىشقا بولمايدۇ. كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

## شۇنچە ئۇزۇن يەرگە

بىر قېتىم ھەسامغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەپتۇ، ھەسام تۇرۇپكىنى ئاغزىغا توغرىلاپ ۋاقىراپ سۆزلەشكە باشلاپتىكەن، يېنىدا ئولتۇرغان خىزمەتداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— ھەسامكا، بوشراق گەپلەشسەڭمۇ بولىۋېرىدىغۇ، — دەپتۇ.

ھەسام ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— قىزىقكەنسەن، ئارىلىقىمىز شۇنچە ئۇزۇن تۇرسا، ۋاقىرىمىسام قانداق ئاڭلىسۇن.

## كۆز ۋە قۇلاق

بىر بىلىم ھەۋەسكارى ھېسامىدىن سوراپتۇ:

— ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقناندا نېمە ئۈچۈن ئاۋال يورۇقنى كۆرۈپ كېيىن ئاۋازىنى ئاڭلايمىز؟

ھېسام جىددى ئويلىنىپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— بۇنىڭ سەۋەبى بەكمۇ ئاددى، كۆز قۇلاقنىڭ ئالدىدىراق ئەمەسمۇ!

## مەنلا كەلتۈرىمەنمۇ

بىر بەزمىدە ھېسامىدىننى ھەدەپ چاخچاقفا سېلىپ قويۇپ، ساھىپخانىلارنىڭ ئۇنىڭ قوسىقى بىلەن كارى بولماپتۇ، بىر ئاز چاخچاقتىن توختاپ قالسىلا:

— ھە، قېنى ھېسامىدىن كەلتۈرىڭا، — دەۋېرىپتۇ. ئاچچىغىغا پايلىمىغان ھېسام ئاخىرى:

— مەنلا كەلتۈرىمەنمۇ، سىلەرمۇ كەلتۈرۈپ باقمامسىلە، دەپتۇ ساھىپخانىغا.

## مۇشائىرە

بىر ئاغىنىسى ھېسامىدىننى مانتا ئېتىپ مېھمان قىپتۇ. پىشمىغان مانتا كېچىچە ئۇنى بىئارام قىلىپ ياتقۇزماپتۇ. ئەتىسى

ئەتىگەنلىك چاي ئۈستىدە ئاغىنىسى ئەدەبىياتتىن گەپ ئېچىپ، ھەسامە-
دىنىنى مۇشائىرە ئېيتىشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۆزى باشلاپتۇ:

ئۆگزەڭگە قارىسام،
موردىن تۈتۈن چىقتى.

تېخىچە قوسىقى مۇجۇپ ئاغرىۋاتقان ھەسامىدىن جان ئاچچىغىدا مۇشائىرىگە جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

ئاخشام يېگەن بەش مانتا،
كېچىچە پۇتۈن چىقتى.

## يولدا كېلىۋاتىمدۇ

ھەسامىدىن باققالچىلىق قىلىپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۈزۈم سېتىپ ئولتۇرسا، بىر خېرىدار كېلىپ ئۈزۈمدىن بىر تال ئۈزۈپ يەپ بېقىپتۇ — دە:



— ھەسامىددىن، شېرىنىسى يوق بەتتام ئۈزۈمنى نەددىن تېپىۋالغانسىز، — دەپتۇ.

— ئۈزۈم يېگىڭىز بولسا يانساي ئالمۇبىرىڭ، — دەپتۇ ھەسامىددىن، — شېرىنىسى يولدا كېلىۋاتىدۇ.

## يەنە سۆزلەمسىز

دۈيجاڭ ھەر ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە يىغىن ئېچىپ ئىشتىن ھېرىپ كەتكەن ئەزالارنى جاق تويغۇزۇپتۇ. بىر كۈنى ھەسام چىدىمىغىنىدىن ئۈستەل يېنىغا كېلىپ:

— دۈيجاڭ يەنە سۆزلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە قىلاتتىڭ؟ — دەپتۇ دۈيجاڭ سۆزىنى بۆلگەنلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ.

— يەنە سۆزلىسىڭىز، ئۆيگە بېرىپ، ئورۇن - كۆرپىنى ئەكېلىۋېلىپلا خاتىرجەم ئاڭلايمىكىن دەيمەنا!

## رەخت ۋە پۇل

بىر كۈنى ھەسام دۇكاندىن بىر چاپانلىق رەخت ئالغان ئىكەن، مال ساتقۇچى رەختنى ئالدىراش ئۆلچەپلا قىيپاش يىرتىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ھەسامۇ ئۈنچىقماي، قولىدىكى پۇلنىڭ چېتىدىن قىيپاش يىرتىۋېلىپ مال ساتقۇچىغا بېرىپتۇ.

— ساراڭمۇ سىز، ساپمۇ - ساق پۇلنى يىرتىپ بېرىۋاتىسىزغۇ؟ — دەپتۇ مال ساتقۇچى ئاچچىقلىنىپ، — بۇزرۇچىگى يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇلنى كىم ئالدۇ؟ ھەسام دەررۇلا:



— قىيپاش يىرتىپ بەرگەن رەختنى مەن ئالـ مەنۇ، بۇرجىگى يىر- تىلغان پۇلنى سىز ئالامسىز، — دەپتۇ.

## ئالامەت يەر ئىكەن

بىر كۈنى ھەسامدىن يىراق بىر يېزىغا كۆچۈپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ چىقىپتۇ. شۇ يېزىدىن ئۆيلىنىـ ۋالغان ئاغىنىسى ئۆزگىرىپ خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالـ غان ئىكەن. ھەسامنى كەلدى دەپ مېھمان چاقىرغاندا، ئاغىنىـ سى تاماق ئېتىپ، ئايالى بولسا، مېھمانلار قاتارىدا كىرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. زىياپەت ئاخىرلىشاي دىگەندە قېيناتىسى ھەسامـ دىندىن:

— يىگىت، مەھەللىمىز دىتىڭىزغا ياقتىمۇ؟ قانداقراق يەر ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ. ھەسام دەررۇلا:

— ۋاھ، ئالامەت يەر ئىكەن، ئەرلىرى چۆچۈرە تۈگۈپ ئاياللىرى ساقى بولىدىغان يەر ئىكەن دىسىلە تاغا! — دەپتۇ.

# ئۆلمەيدىغان بولدۇڭ

بىر ئانىسىنى ئېغىر ئاغرىقتا دەپ ئاڭلىغان ھەسام ئۇنى يوقلاپ بالىنىستقا بېرىپتۇ. ئانىسى ياتقان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا ئانىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىۋاتقان بىر تونۇش دوختۇر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ھەسام دوختۇردىن ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنى ياخشىراق داۋالاشنى تاپىلاپتۇ.

ھەسام دوختۇر بىلەن خوشلىشىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىشگە، كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغان ئانىسى يىغلاپ:

— ئانىنە، ياخشى بولالمايدىغان ئوخشايمەن، ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، باللىرىم كىچىك ئىدى دەپتۇ.

ھەسام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— يىغلىما ئاداش، مەن دوختۇرغا ئېيتىپ قويدۇم، ئۆلمەيدىغان بولدۇڭ.

# «ئىشتىن سىرتقى ساقال»

شەھەردە ئويۇشتۇرۇلغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكىنىڭ مەسئۇللىرى ئەرتىسلەردىن رولىنى ياخشى ئېلىپ چىقىشنىلا تەلەپ قىلىپ، ئويۇنغا كېرەكلىك ماددى نەرسىلەرگە زادىلا ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن. بىر قېتىم ھەسام سەھنىدە بوۋاي رولىنى ئويناۋاتقاندا، ئۆزى ئەپلەپ يېپىشتۇرۇۋالغان ياسىما ساقىلى چۈشۈپ كېتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسىگە قاپتۇ.

ئويۇن تۈگىشى بىلەنلا ئۆمەك باشلىقى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ھەسام، ئېيتقىنا بۇ ساقاللىق زادى قانداق ساقال دەپ ۋاقىراپتۇ ئاچچىغىدا،

ھەسام ئەجەپلىنىپ:

— بىلمىگەنمىدىڭىز، بۇ ئىشتىن سىرتقى ساقال ئەمەسمۇ؟

## ئەتىر پۇرايدۇ

ھەسام تولىمۇ ياسانچۇقلۇقىنى دوراپ چاخچاق قىلىۋىرىپ بىر خىزمەتداش قىزنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. قىز مۇشتۇمىنى ئوغۇل باللاردەك تۈگۈپ ھەسامنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئەكەپتۇ — دە سوراپتۇ:

— دىگىنە مۇنۇ نىمە پۇرايدۇ؟ ھەسام قىزنىڭ مۇشتۇمىغا بۇرنىنى يېقىن ئەكىلىپ:

— نىمە پۇرايتتى دەيسىز، غىچلا يۇزماي، ئەتىر پۇرايدىغۇ، — دەپ قىزنى كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ.

## كۆۋرۈك يوق كېتىپ قالدى

ھەسام بىر ئاغىنىسى بىلەن دەريا بويىدا ئولتۇرغاندا، ئۇ قاتتىن بىر ئايرۇپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، دەريا ياقىلاپ بىر ئايلىنىپتۇ - دە، كەينىگە يېنىپ كېتىپتۇ. ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ:

— ھەسام، ئايرۇپىلان كەينىگە يېنىپ كەتتىغۇ، — دەپتۇ.

— كۆۋرۈك يوقتە، — دەپتۇ ھەسام، — شۇڭا دەريادىن ئۆتەلمەي كېتىپ قالدى.





## كاۋاك يەردە

ھەسام ماروژنى يېمەكچى بوپتۇ. ماروژنىچىنىڭ بىر خىللا ئۇستاكانى بولۇپ، يىگىرمە تىيىنلىق ئالغانلارغا تولدۇرۇپ، ئۇن تىيىنلىق ئالغانلارغا ئۇستاكان تېگىدە كاۋاك قالدۇرۇپ «ئەپ-لەپ» بېرىپتۇ. ماروژنى بۇيرۇغان بىر كىشى ماروژنىچىنىڭ ساختىلىغىنى بىلىپ قېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇستام، كاۋاك يەردە نىمە بار، — دەپ چاقچاق قىپ-
تۇ. ھەسام ماروژنىچنىڭ نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى بىلەلمەي
تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ:
— نىمە بولاتتى؟ كاۋاك يەردە ئون تىيىن بار! —
دەپتۇ.

## ئەپىتتىڭىزگەمۇ ئېلىپ قويدۇم

ھەسامنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە مېھمان كەپتۇ. مېھمانلار-
نىڭ بىرى تازىمۇ كۆرەڭ يىگىت بولۇپ، جوزىغا زادىلا قول
ئۇزاتماي نوغۇشتەك ئولتۇرۇپتۇ. چايدىن كېيىن، تاماق تارتىل-
غاندا، ھېلىقى يىگىت ئالدىغا كەلگەن تاماقنى نېرى ئىتتىرىپ
قويۇپ، ھەسامغا:
— رەنجىمەيسىز، ئەپىتتىم كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ.
ئەپىتىت دىگەن سۆزنىڭ رۇسچە ئىشتىھا مەنىسىنى ئۇق-
تۇرىدىغانلىغىنى ياخشى بىلمەيدىغان ھەسام تاماقنى يەنە يىگىت-
نىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ:
— ئالىۋېرىڭ ئۇكا، تاماق جىق، ئەپىتتىڭىزگەمۇ ئېلىپ
قويدۇم، — دەپتۇ.

## ئاپتوۋۇز بىلەن كېتەي

ھەسام كوچىدا كېتىپ بارغاندا، بىر دىۋانە ياخشى سۆز-
لەرنى ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھەسام دىۋانىگە 10

تېمىن بېرەي دەپ تۇرۇشىغا دىۋانە كايىپ كېتىپتۇ:

— بەرسەڭ تۈزۈك بەرمەمسەن، ئۇن تىيىننىڭ نېمە بولىدۇ؟ يولۇڭ يول بولماس ئىلاھىم.

ھىسام دەرھال كەينىگە يېنىپ:

— 5 تىيىننى قايتۇرۇڭ، — دەپتۇ.

— نېمىشقا، — دەپتۇ دىۋانە ھەيران بولۇپ.

— يولۇم يول بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئاپتۇۋۇز بىلەن كېتەي.

## ئۆيگە بارغاندا يىغلاپ بېرەي

ھىسامنىڭ بالىسى ئاغرىقتا ساقىيالماي، بالنىستا ئۆلۈپ قاپتۇ. يولدا ھۆڭگۈرەپ يىغلاپ كېلىۋاتقان ئايالى ھىسامنىڭ مىت قىلماي كېلىۋاتقىنىدىن ئىچى كۆيۈپ:

— تاغدەك بالىمىز ئۆلسە يىغلىمايسىزغۇ، تازا تاش يۈرەك ئوخشىمامسىز، — دەپتۇ.

— رەنجىمە خوتۇن، كوچىدا تونۇش-بىلىشلەر كۆپكەن، ئۆزەمنى ئاران بېسىپ كېلىۋاتىمەن. ئۆيگە بارغاندا، ساڭا يارىغىدەك يىغلاپ بېرەي، — دەپتۇ.

## جۆندەلگەن گەپ

ھىسام سىنىپىدىكى بىر ساۋاقداش قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەمما زادىلا گەپ قىلالماپتۇ، بىر كۈنى ئۇ، سىنىپتا يالغۇز

قېلىپ كىتاپ ئوقۇۋاتقان ھېلىقى قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ئۇنى كىنوغا تەكلىپ قىلىشقا بەل باغلاپ «يۈرۈڭا، يۈرۈڭا» دەۋېرىپتۇ، قىز باشتا ئىرەڭسىمەي كۈلۈپ قويۇپتۇ، ھەسام «يۈرۈڭا» دەۋەرگەندىن كېيىن تېرىككەن قىز ئۇنىڭغا ۋاقىراپتۇ:

— ئوۋۋاش، نەگە يۈرىدۇ؟

قورقۇپ كەتكەن ھەسام دەررۇ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ئەمدى... قىرائەتخانىغا دېمىنا...

## رەسسام

ھەسام خوشنىسىنى بىر رەسسام تونۇشىنىڭكىگە باشلاپ بېرىپتۇ. خوشنىسى ھېلىقى رەسسامدىن بىر پارچە رەسىم سىزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. رەسسام ماقۇل بولۇپ، بوياق بوي-رۇپتۇ.

— دىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى تەييار، — دەپتۇ ھەسامنىڭ خوشنىسى رەسسامغا، — بىراق، ۋەننىڭجاۋ دىگەن مېيىڭىزلا يوق، بازاردىن ئىزلەپ تاپالمىدىم.

— ھېچۋەتەسى يوق، سۇ ماي بولسىمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ رەسسام.

— بەللى، بۇ ئاسانلا ئىش بولىدىغۇ، — دەپ خوشال بوپ-تۇ ھەسامنىڭ خوشنىسى، — نەچچىلىك سۇ ماي كېتىدۇ؟

— بەش كىلو، — دەپتۇ رەسسام ئويلانمايلا. ھەسامنىڭ خوشنىسى چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— كىچىككىنە بىر پارچە رەسىم شۇنچىلا ماي يەمدىكەن؟

— قىزىقكەنسىز خوشنام، — دەپتۇ شۇ كەمگىچە جىم

تۇرغان ھەسام، — جانسىز رەسىم چىقىمدا ماي يەيدۇ، جانلىق رەسسام قاراپ ئولتۇرامدىكەن؟

## مەرگەن

قارىغا ئېتىش پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەسام ئاتقان بەش پاي ئوقنىڭ بىر پېيىلا ئاختىغا تەككىنىنى ئاڭلاپ، رازى بولماپتۇ — دە:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— ئەمىسە كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋېلىڭ، — دەپتۇ ئېلان قىلغۇچى ئۇنى تاختا يېنىغا باشلاپ بېرىپ. ھەسام تاختا يۈزىدە بىر تاللا تۆشۈك تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ:

— ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئاتقان بەش پاي ئوقنىڭ بەرى تەگدى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئېلان قىلغۇچى تېرىكىپ:

— ئەمىسە، قالغان تۆت پاي ئوقنىڭ ئىزى قېنى، — دەپتۇ.

ھەسام گەپدانلىق قىلىپ:

— مېنىڭ مەرگەنلىكىمنى بىلمەمسىز، قالغان تۆت پاي ئوقمۇ دەل مۇشۇ بىر تۆشۈكنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ كەتتى - دە!

## تۆتماي تۇرۇپ مۇنچىلا

زاددىلا قىمىز ئىچىپ كۆرمىگەن بىر ئاغىنىسىگە ھەسام قىمىزنى ماختاپ راسا ئىچكۈزۈپتۇ. ئاغىنىسى ئۆيگە قايتىپ كەل-

ـسە ئايالى مېھماندارچىلىققا كېتىپ قاپتۇ. چاي قاينىتىپ ئىچـ
مەكچى بولۇپ، ئوچاققا ئوت يېقىپتۇ. بىراق ئوتنى زادىلا تۇ
تاشتۇرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئايال كىشىنىڭ كىيىمىنى كىـ
يىپ، ئوت قالىسا تېز تۇتىشىدۇ دەۋاتاتتى، بىر سىناپ كۆـ
رەيچۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئايالىنىڭ ياغلىقىدىن بىرنى تېڭىپ
ئوت قالاپتۇ. ئوت قالاپ ئولتۇرۇپ ھاماننىڭ قىمىزنى بەك
مەس قىلىدۇ دېگەننى يادىغا كەپتۇ - دە، «مانا مېنى تۇتىـ
دىغۇ، بېرىپ ھاماننى بىر مات قىلايچۇ» دەپ ئويلاپ ھامـ
ىنىڭكىگە بېرىپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ ئاغىنە؟ — دەپ سوراپتۇ ھامان ئاغىـ
نىسىنىڭ سىياقىغا ھەيران بولۇپ.

— بايىقى قىمىزنى بەك تۇتىدۇ، دەۋاتاتتىڭ، قېنى تۇتـ
قىنى! مەن ھېچنېمە بولمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— باركاللا، — دەپتۇ ھامان كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، —

قىمىز تۇتمىسا،
تۇرۇپ مۇنچىلا
تۇتقان بولسا،
ئايالىڭنى كىيىـ
مىنى قوياتتىڭمۇ؟



## مۇسابىقىدە

يۈز مېتىرگە تېز يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە پەللىگە يېقىنلاپ قالغان ھىسام بىردىن توختاپ ئارقىسىغا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

— ھوي ھىسام نىمە بولدى؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان سۇدىيە. ھىسام:

— سۇدىيەلەرگە ئالغاچ كەلگەن سوغاتنى بىرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ.

## ئىشنى باشلاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن...

ھىسام بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئىچىدە بەكمۇ ھورۇن بىرەيلەن بولۇپ، ئەتىدىن كەچكىچە گۈرجەككە تايىنىپ قۇرۇق گەپلا ساتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كۈزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدىلا قولاقچا كىيىپ ئىشقا كەپتۇ. ئىشچىلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

ئاغىنە، قىشنى كۆرمەيلا قولاقچا كىيىۋالغىنىڭ نىمىسى دىيىشىپتۇ. ھورۇن جاۋاپ بەرگىچە ھىسام ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئاغىنىمىز ئىشنى باشلاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن، قىشنى بولسىمۇ باشلاپ بېرەي، — دىدى - دە!

## چەۋدىن

بىر كۈنى ھىسام باشلىقلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بىرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ھەمام دەسلەپتە قورقۇپ، خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە باشلىقلار ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ بىر بىرىنىڭ لەقەملىرىنى ئېيتىشىپ چاخچاق قىلىشقىنى تۇرۇپتۇ. ھەمام جىمى باشلىقنىڭ لەقىمىنى بىلىۋېلىپ ئۈن سۈرمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

— ھەمامدىن، — دەپتۇ بىر چاغدا يېنىدا ئولتۇرغان بىرسى، — بىردەم - يېرىمدەم چاخچاق قىلىپ بەرمەمسىز، قەن سالغان چاينى ئىچىۋېرىپ ياندۇرۇۋەتمەڭ. بايىقى كۇسۇرلاشلاردىن بۇ كىشىنىڭ لەقىمىنىڭ چەۋىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ھەمام دەرھاللا جاۋاپ بېرىپتۇ:

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاكا، چايغا چەۋىن چۈشۈۋالمىسىلا ھەرگىز ياندۇرۇۋەتمەيمەن.

## يانچۇقچى چەۋىن

ھەمام ئىشلەيدىغان تەشكىلىنىڭ باشلىقى كۆرگەنلا نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ھەمام ئىشخانىدا تويۇقسىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ - دە، بىر چەۋىننى قوغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئوپۇر - توپۇردىن دىققىتى بۇزۇلغان باشلىق ھەمامغا كايىپتۇ:

— ھەمام، بىر چەۋىن بىلەن نىمانچە ئېرىگىشىۋېرىسەن؟

— ئۇنداق سەل قارىماڭ باشلىق، — دەپتۇ ھەمام، — بۇ چەۋىن ھازىرلا دەل چاپىنىڭىزنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قونۇپ ئۇچۇپ كەتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ يانچۇقچىمۇ، تۇتۇپ ئېنىقلاش لازىم - دە!

باشلىق ھۆپپىدە قىزىرىپ كەپ قىلالماي قاپتۇ.

## سەۋرىنىڭ سىرى

ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە ئەمگەك كۆپ، تاماق ناچار بولغاننىڭ ئۈستىگە قۇرۇق يىغىنمۇ ئاۋۇپ كېتىپتۇ. بىر قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئادىتى بويىچە يىغىندا خاتىرىدىن بېشىنى كۆتەرمەي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. كەچكىچە شال ئوتاپ، ئېزىلگەن ئەزالار بىر بىرلەپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا باشلىق بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا، ئالدىدا ھېسامىدىن بۆلەك ھېچكىم قالماپتۇ.

— يولداش، سىزنىڭ لۇشيەن ئېڭىڭىز يۇقۇرىكەن، — دەپتۇ باشلىق ھەجايىغىنىچە، — مېنىڭ دوكلادىمنى سىزلا بىرىلىپ ئاڭلاپسىز.

— يوقسۇ باشلىق، — دەپتۇ ھېسام ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — مەنمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتەتتىم، تېگىڭىزدىكى بەلدىڭ مېنىڭكى بولغاچ، شۇنى ئالغاچ كېتەي دەپ تۇرۇپ قالدىم.

## سۆز ۋە چاخچاق

بىر نەچچە كىشى سۆز نېمىگە ئوخشايدۇ، سۆز زادى ياخشى نەرسىمۇ-يامان نەرسىمۇ دېگەننى تالىشىپ قاپتۇ-دە، ئاخىرى بىر بىرىگە قايىل بولۇشماي، ھېسامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىماقچى بوپتۇ.

— سۆز نانغا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ھېسام، — چۈنكى نان يېمىسە بولمىغاندەك سۆز قىلماي يۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ.

— ئەمىسە چاخچاقچۇ، چاخچاق نېمىگە ئوخشايدۇ؟

ئاردىن بىرەيلەن قىزىقىپ سوراپتۇ.
ھەسام جاۋاپ بېرىپتۇ:
— نانىڭ ئۈستىگە سەپكەن زىماغا ئوخشايدۇ.

## يەنە قايتىپ كېلەيمۇ؟

ئىشتىن قايتىپ ئاچ قوساق ئۆيگە ئالدىراپ كېتىۋاتقان ھەسامنى تەكەببۇر بىر باشلىق چاقىرتىپتۇ-دە، بىر خالتا گۆشنى كۆتەرتىپ:

— بۇنى بىزنىڭ ئۆيگە تاشلىۋەت، مەن ھېرىپ قالغىدەكمەن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ھەسام گۆشنى ئۈنچىقماي قولىغا ئېلىپ ئەدەپ بىلەن سوراپتۇ.

— يەنە قايتىپ كېلەمدىمەن؟

— نېمىگە؟ — باشلىق ھەيران بوپتۇ. ھەسام چۈشەندۈرۈپتۇ.

— ئاران بىر ئىلتىپاتىڭىزغا ئېرىشكەندە ئۆزىڭىزنىمۇ ھاپاشلاپ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمىكىن دەيمەنا!

## پىنجەك

ھەسامنى خەقنىڭ ئالدىدا بىر مات قىلالماي يۈرگەن ھاجىم ئىسىملىك تاقىر باش بىر كىشى بار ئىكەن، بىر قېتىم ھاجىم ھەسامغا بۈگۈن كەچتە باشلىقلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بارىمىز

دەپتۇ-دە، ئۇ يەرگە ياخشىراق كېيىنىپ بارمىساڭ بولمايدۇ دەپ، ھەسەننى ئۆزىنىڭ بىر قۇر كاستۇم-بۇرۇلكا، پەنجەك-كالىستۇكى بىلەن ياساندۇرۇپ ئولتۇرۇشقا باشلاپ بېرىپتۇ. ئولتۇرۇش راسا قىزىغاندا، ھاجىم ھەسەنگە چاخچاقنى بۇراش ئۈچۈن مەجلىس ئەھلىنى جىم قىلىپ ھەسەنگە قاراپ دەپتۇ:

پەنجەكنى كىيىۋاپتۇ،
ھەسەندىن دېگەن قاقىر.

باياتىن ھاجىمنىڭ مەقسىدىگە چۈشىنىپ كېيىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ھەسەن دەررۇ ھاجىمنىڭ مۇشائىرىسىنى ئۇلاپتۇ:

ھەر نېمە دېگەن بىلەن،
ھاجىمنىڭ بېشى تاقىر.

ئولتۇرۇش ئەھلىنىڭ بارىكاللا ساداسى ئىچىدە ھاجىم گەپ قىلالماي قاپتۇ.

## ئىككىسى ئىككى گەپ

ھەسەننىڭ خوشنىسى ئايالىنىڭ ئاغزى ئىتتىكلىكىدىن داتلاپ بېرىپتۇ:

— بەكمۇ يالغانچى، بەكمۇ زۇۋاندار دەڭا ھەسەن، تالاي قېتىم مېنى خەقنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتتى.

— راسا ئەدىۋىنى بەرسىڭىز بولمامدۇ — دەپتۇ ھەسەن قېنى قىزىپ، — ئەگەر مېنىڭ ئايالىم شۇنداق بولىدىغان بولسا بىردەمدە موللا قىلىمەن.

ھەسەننىڭ ئايالىنىڭ نەچچە قېتىم ئېرىنىڭ كارنىيىدىن

www.uyghurkitap.com

ئالىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن خوشنىسى قىزىرىشىپتۇ:

— سىزنىڭ ئايالىڭىزدۇ يەتكىدەك ھازازۇلغۇ، نېمىشقا ئەدۋىنى بەرمەيسىز؟

ھەسام خىجىل بولماي يانا كۆرسىتىپتۇ:

— بۇرادەر شۇنىمۇ بىلمەمسىز، ھازازۇلمۇق بىلەن يالغانچىلىق دىگەن ئىككىسى بۆلەك گەپتۇ!

## باشلىقنىڭ ئايالى

بىر كىشى كوچىدا ھەسامنى توختىتىپ سوراپتۇ:

— ما جۇرىنى كۆرمىگەنمىز؟ كىچىككىنە ئەرز-ھالىم بار ئىدى، ئېيتاي دەپ ئۆيىگە بارسام يوقكەن.

— ئالايىتەن ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئايالىغا ئەرزىڭىزنى ئېيتىپ قويۇپ يانسىڭىز بولمامدۇ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ ھەسام. ھېلىقى كىشى ھەيران بوپتۇ:

— باشلىق ماجۇرىن تۇرسا، ئايىلىغا نىمە دەپ ھال ئېيتاتتىم.

— بىلمەيسىز-دە، — دەپتۇ ھەسام، — ئىداردە ماجۇرىن سىزنى باشقۇرغان بىلەن، ئۆيىدە ئايالى ئۇنى باشقۇرىدۇ ئەمەسمۇ!

## پۇتلاشسا يانىدۇ

مەدىنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيىدا، بىر كۈنى ھەسام

مەلۇم تونۇشى بىلەن چوڭ كوچىدا كېتىۋاتقان ئىكەن، قىزغىن پاراڭ قىلىپ كېتىۋاتقان ھەمراسى ئاسفالىت يولنىڭ دوڭگىيىپ چىققان دوقمۇشىغا پۇتلىشىپ، دومىلاپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ.

ھىسامىددىن، — دەپتۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان ھەمراھى ئاچچىغىدا، — ئېيتىڭا، مۇشۇمۇ مەدەنىيەتكە ياتامدا؟! دەپتۇ:

— پۇتلاشقان ئادەم ياتىدۇ.

## ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ؟

ھىسام بىر تۇققىنىغا زاكاز خەت سالماقچى بولۇپ، پوچتا خادىمىغا ئىككى مولۇق ماركا چاپلانغان خەتنى سۇنغان ئىكەن، پوچتا خادىمى خەتنى جىڭلاپ كۆرۈپ دەپتۇ:

— خېتىڭىز ئىككى موغا ئېغىر كەلدى، يەنە تۆت پۇڭلۇق بىر ماركا چاپلاڭ.

— يەنە بىر ماركا چاپلىسام، خەت تېخىمۇ ئېغىر كېلىپ كەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ ھىسام.

## مەندەك ئاغرىپ يۈرۈپسىز-دە!

ھىسام مىجەزى بۇزۇلۇپ قېلىپ، تېۋىپقا بېرىپتۇ، تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپ دەپتۇ:

— يۈرىكىڭىز سانجىپ ئاغرىيدۇ، كۆزىڭىز قاراڭغۇلىشىدۇ، بەدىنىڭىز دەرمانسىزلىنىدۇ، راستمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەسام ئەجەپلەنگەن قىياپەتتە تەۋبىھقا دەپتۇ:
— تووۋا، سىزمۇ خۇددى مەندەكلا ئاغرىپ يۈرۈپسىز-دە!

## ھاسىراپلا يۈرىدىغان...

بىر تونۇشى ھەسامدىن سوراپتۇ:
— پالانچى باشلىق «ھەسامنىڭ خىزمەت مەسلىسىگە مەن ئۇرغۇن چاپقان» دەيدىغۇ، راستمۇ؟
— كىم بىلىدۇ، — دەپتۇ ھەسام، — دائىملا «سىزنىڭ ئىشىڭىزغا چاپتىم» دەپ ھاسىراپلا يۈرىدىغان...

## ئىككىسى بىرگە ھەساپ

ھەسامنىڭ بىر پاكار ئاغىنىسى ئۇنىڭغا چاخچاق قىپتۇ:
— ھەسام ئاداش، قۇلىقىڭىزنىڭ تۇۋىگە بىرنى ئۇرسام كىمگە ھەساپ؟
ھەسام دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:
— ئاداش، بويۇڭ پاكار ئىكەن، ئىككىمىزنى ئۇرساڭ بىرگە ھەساپ.

## تۇختىيالمىدىمەن؟

ھەسامنىڭ ئايالى ئاغرىپ قاپتۇ. ھەسام ئۆيىدىن چىقماي

تولا كەپ قىلىپ، ئايالىنىڭ قولىغىنى ئاغرىتىۋېرىپتۇ. ئاخىرى ئايالى چىدىماي ھەسامنى قوغلاپتۇ:

— تولا چىشىمغا تەگمەي مېڭىڭا!

ھەسام ئۆيدىن چىقىپ، شۇ مېڭىشىدا ئۈچ كۈن توختىماي مېڭىپتۇ، تۆتىنچى كۈنى ئايالى ھەسامنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

— «ئاپىسى، يەنە ماڭامدىمەن - توختامدىمەن؟»

## تويلۇق سوغا

ھەسامنىڭ بىر تۇققىنى توي قىپتۇ. توي كۈنى ئۇ ھەسامغا ماختىنىپ:

— كۆيوغۇل تەرەپتىن ئالغۇلۇقنى ئىلگىرى - كېيىن ئالدىم. ئۈرۈق - تۇققان، ئەل - ئاغىنىلەرمۇ سوغا - سالامنى ئەكەلدى. سىزچۇ ھەسامدىن، ئۆزىڭىز نىمە سوغا ئەكەلدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ؟ — دەپتۇ ھەسام ئالدىرىماي، — يۈزىڭىز قېلىن ئىكەن، شىلىپ نېپىزلىتىدىغانغا بىر ئىتتىك ئۈستىرا ئەكەلدىم.

## شۇندىغىمغا - شۇنداق...

ھەسام بىلەن ئۆچەكىشىپلا يۈرىدىغان بىر خىزمەتدىشى يىغىندىن كېيىن ھەسامدىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، بۈگۈنكى يىغىندا ئالدىڭىزغا مىكرافون قويۇپ بەرسىمۇ، ئاۋازىڭىز چىقمىدىغۇ، نىمە بولدىڭىز؟

ھەسام سەمىمىي قىياپەتتە ھېلىقى خىزمەتدىشىغا جاۋاب بېرىپتۇ:

— مېنى بىلمەيدى دېمەڭ، مەن سۆزلەۋاتقاندا، سىمنى دەسسەپلا ئولتۇردىڭىزغۇ، شۇڭلاشقا ئاۋازىم چىقمىدى - دە!

## سوئال - جاۋاب

بىر كىشى ھەسامغا دەپتۇ:

— ھەسامىدىن، بالىنى ئاز تېپىشنىڭ پايدا - زىيىنى ھەق-قىدە سىزدىن سوئال سورىماقچىدىم.

— سوراڭ، — دەپتۇ ھەسام. ھېلىقى كىشى سوراپتۇ:

— بالا بولسا بىر؟

— ئوينايسىز پىر - پىر.

— بالا بولسا ئۈچ؟

— كېتىدۇ كۆپ كۈچ.

— بالا بولسا بەش؟

— كۆڭلىڭىز بولار تەس.

— بالا بولسا ئالتە؟

— قانات قۇيرۇغىڭىز كالتە.

— بالا بولسا سەككىز؟

— غەم - غۇسسىڭىز چەكسىز.

ھېلىقى كىشى قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

## ئازراق چىداپلا...

قىشقا يېقىن يىراق سەپەرگە ئاتلانغان ھەسامغا ئاغىنىلىرى دەپتۇ:

— ئاداش يامان چاغدا كېتىۋاتىسەن - دە، بۇيىل ساڭا قارلىق تاشلايلى دىگەنتۇق.

ھەسام دەررۇ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئازراق چىداپلا، ئەتىيازدا يامغۇرلۇق تاشلىماسىلەر.

## ئۆتكۈر تەنبىھ

ئالدىنقى كۈنىلا يەنە بىر قېتىملىق تەنبىھ ئاڭلىغان ھەسامنىڭ ئوغلى كوچىدىن يەنە بالىلار بىلەن مۇشلىشىپ، باش - كۆزىنى يېرىپ كىرىپتۇ. بوسۇغىدا شۈمشىيىپ تۇرغان ئوغلىغا ئىنتايىن ئاچچىغى كەلگەن ئەلپازدا قاراپ تۇرۇپ ھەسام ئالدىنقى قېتىمدىكىدىنمۇ چىڭراق ئاۋازدا تەنبىھ بېرىپتۇ:

— يەنە گەپ ئاڭلىمايسەن - دە — ھە؟ خەير، تۆتىنچى مۇنداق قىلما، ئۇقتۇڭمۇ؟

ھەسام چاخچاقلىرى (2)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
غۇلجا شەھەرلىك باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى، 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى، 2.625
1984- يىل 8- ئاي 1- نەشرى
1985- يىل 1- ئاي 1- بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·903
تىرازى، 20,000 — 1
باھاسى: 0.20 يۈەن

依沙木笑话（2）（维吾尔文）
马哈木提编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　伊宁市印刷厂印刷
787×1092毫米32开本 2.625 印张
1984年8月第1版1985年1月第1次印刷
印数：1 — 20,000

书号：M10098·903　　定价：0.20 元